چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# جېننى قىز

درېيسېر [ئامېرىكا]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7 - 80658 - 906 - 6

باھاسى: 7.50 يۈەن

ISBN 7-80658-906-6

9 787806 589069 >

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# جېننى قىز

## درېيسېر [ئامېرىكا]

تەرجىمە قىلغۇچى: موسا روزى



بۇ كىتاب جۇڭگو باللار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل
12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# جىننى قىز

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 787 × 970mm  1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 6.75
ISBN 7 – 80658 – 906 – 6

باھاسى: 7. 50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

**责任编辑**：茹鲜古丽·吐尔逊

**美术编辑**：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

**责任校对**：海来提·阿比提
艾比布拉·艾力

**审　　订**：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**珍妮姑娘**（维文）

木沙·肉孜　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本：787×970毫米　1/32　印张：6.75
ISBN 7-80658-906-6

定价：7.50元

如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

درېيسېر (1871—1945) ئامېرىكىنىڭ رومان يازغۇ-
چىسى. ئۇ ئىندىئانا شتاتىنىڭ تېرخوت بازىرىدىكى بىر
ۋەيران بولغان كىچىك خوجايىن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
ئاتا-ئانىسى گېرمانىيىلىك كۆچمەن بولۇپ، كاتولىك
دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي دا-
دىسى ئىشسىزلىققا دۇچار بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى
جاپادا ئۆتكەن، ئۇ قېرىنداشلىرى بىلەن تۆمۈريول بويىدا
ئۇۋاق كۆمۈر تېرەتتى، ئانىسىغا ياردەملىشىپ باشقىلار-
نىڭ كىيىملىرىنى يىغىپ كېلىپ يۇيۇشۇپ بېرىپ،
ئاران قورساق بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرمەيلا چىكاگوغا بېرىپ تىرىكچىلىك
قىلغان، ئىشسىزلىقتىن كوچا قاڭداپ يۈرگەن. كېيىن
بەختىگە يارىشا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالىي
مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇغان. 1892-يىلى تەكلىپ بىلەن
مۇخبىرلىق ۋە تەھرىرلىك قىلىپ، چىكاگو ۋە نيۇيورك
قاتارلىق شەھەرلەردە زىيارەتتە بولۇپ ئىجتىمائىي تۇر-
مۇش بىلەن كەڭ ئۇچرىشىپ، نەسىر يېزىشقا باشلىغان،
يەنە سودا ژۇرناللىرىغا ھېكايە يېزىپ بەرگەن.

1899-يىلى ئۇ رومان ئىجادىيىتىگە بۇرۇلۇپ،

ياندۇرقى يىلى «گالى سىڭىل» دېگەن رومانىنى يېزىپ چىققان، يازغۇچى فرانك نورسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن نەشر سودىگىرى بىلەن نەشر قىلىش توختامى تۈزگەن. لېكىن خوجايىن كوررېكتور نۇسخىسىنى كۆرۈپ، بۇ كىتابتا «ئەخلاقسىزلىق» بارلىقىنى بايقاپ، ئاران مىڭ پارچىلا بېسىپ، كۆپ قىسمىنى ئىسكىلاتتا ساقلاپ قويغان. ئاپتور چوڭقۇر زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمىگەن. 1911 ـ يىلى ئۇ يەنە «جېننى قىز» نى ئېلان قىلىپ، كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز مۇشەققەتكە دۇچ كېلىپ، نەچچە يىل دەۋالىشىپ بېقىپ، بولدى قىلىپ تاشلاپ قويغان. يەنە بىر رومانى «تالانت» ئارقىغا سۈرۈلۈپ، 1923 ـ يىلىغا كەلگەندىلا نەشر قىلىنغان. بۇ روماندا بىر تالانتلىق رەسسامنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنى تەسۋىرلەپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ سەنئەتكە بولغان زىيانداشلىقىنى پاش قىلغان. ئاپتور يەنە بىر قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىغان، مېنكولىن، جېك لوندون ۋە لۇئىس قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھىمايىسىدە بۇ ئىشلاردىن قۇتۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتقا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشقان.

دېكابىر 1917 ـ يىلدىن كېيىن سوتسىيالىزمغا مايىللاشقان، 1928 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا

ئۇ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشقان. 1945 ـ يىلى ئامېرىكا كومپارتىيىسىگە كىرىشكە ئىلتىماس سۇنغان. ئۇ، سوتسىيالىزمغا مايىل ئامېرىكا رېئالىزم يازغۇچىسىدۇر. 1928 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يەنىلا تەنقىدىي رېئالىزم كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ، ئىجادىيەتلىرىدە ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى پاش قىلىنغان، ئۇنىڭ ئەخلاقى چۈشكۈن رومانى «گالى سىگىل» (1900 ـ يىلى)، «جېننى قىز» (1911 ـ يىلى)، پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە مۇقەررەر يوقىلىشىنى پاش قىلغان رومانى «ئۈمىد ترىلوگىيىسى» [1 ـ بۆلۈمى «باتكىر» (1912 ـ يىلى)، 2 ـ بۆلۈمى «گىگانت ئادەم (1914 ـ يىلى)، 3 ـ بۆلۈمى «سىدوگا» (1947 ـ يىلى)] نەشر قىلىنغان، ئۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە رومانى «ئامېرىكا پاجىئەسى» (1925) دە، بىر گاداي دىن تارقاتقۇچىنىڭ ئوغلى كېلەت گېلفىسنىڭ مال ـ دۇنيا قوغلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ يامان نىيەتلىك قاتىلغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە ئارقىلىق مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ يامان ئەۋجىگە چىقىپ كېتىشىنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئامېرىكىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەرنى ئومۇميۈزلۈك جىنايى چىرىكلىك يولىغا باشلايدىغان

زىياندашلىق رولىنى تېخىمۇ قاتتىق قامچىلىغان. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچى – سىرتىدا ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.

1928 – يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، سىياسىي مەيدانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىمۇ سوتسىيالىستىك رېئالىزم يولىغا ئۆتۈشكە باشلىغان. بۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلىرىدىن «درېيسېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلغاندىكى تەسىرات خاتىرىسى» (1928)، سىياسىي مۇلاھىزە توپلىمى «پاجىئەلىك ئامېرىكا» (1931)، ھېكايىلەر توپلىمى «ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازى» (1929) قاتارلىقلار بار. ئۇ، 1945 – يىل 12 – ئاينىڭ 28 – كۈنى كالىفورنىيىدىكى ھوللىۋودتا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. درېيسېر پۈتۈن ئۆمرىدە قورقماس روھى بىلەن ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ چىرايلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى ھەقىقىي ئىنكاس قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جەسۇر زەربىدارغا ئايلانغان، ئۇ ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

# 1

1880 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال 18 ـ 19 ياشلاردىكى بىر قىزنى باشلاپ ئامېرىكا ئوھىئو شتاتىنىڭ كولۇمبو شەھىرى-دىكى مەلۇم بىر كاتتا مېھمانسارايىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل بوغالتىرنىڭ ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ، ئۇ-نىڭدىن بۇ يەردە ئۆزىگە لايىق ئىش ـ كۈش بار ـ يوقلۇ-قىنى سورىدى.

سېمىز بەدىنى لىغىرلاپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ چېھرىدە ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق، تارتىنچاقلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئارقىسىدىن بىللە كىرگىنى شۇ ئايال-نىڭ قىزى ئىدى، ئۇ قورقۇنچ ھەم ئەيمىنىش ئىلكىدە ئانىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغانىدى.

— سىزگە قانداق ئىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بەلكىم سىلەردە يۇيۇش، تازىلاشقا ئوخشاش ئىشلار باردۇر؟ — دېدى ئۇ ئايال پەس ئاۋاز بىلەن تار-تىنغان ھالدا، — شۇلارنى قىلالايتىم.

—بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭچۇ، — دېدى ـ دە، بوغالتىر بۇرۇلۇپلا ئارقىسىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، ئايال

غوجىدارنى باشلاپ چىقتى.

مېھمانسارايدا ئىشمۇ يوق ئەمەس ئىدى، چۈنكى، ئەسلىدىكى قارا خىزمەتچى كېتىپ قالغاچقا، نۇرغۇن ئىش دۈۋىلىشىپ قالغانىدى. ئايال غوجىدار ئۇلارنى كۆ-رۈپلا:

— ئەگەر ئۇ خالىسا، بۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا ئىشقا چۈشۈۋەرسە بولىدۇ، — دېدى بوغالتىرغا.

بۇ ئەھۋالنى ئەينەكچى ئۇستام ۋىلىيام گېرخاردىتى-نىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى دۇچ كەلگەن مۇشەققەتنىڭ راسا ئەۋجىگە چىققىشى دېيىشمۇ بولىدۇ. ئەسلىدىمىغۇ، ۋىلىيام گېرخاردىت ۋە ئۇنىڭ ئايالى، ئالتە بالىسى ئۇنىڭ ئاز-غىنە مائاشىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ تۇن-جى ئوغلى سىباستىئون — ئاغىنىلىرى ئۇنى باس دەپ چاقىرىشاتتى—بىر يۇك ئاپتوموبىلى زاۋۇتىدا ھەپتىسى-گە تۆت دوللار مائاش ئېلىپ شاگىرت ھېسابىدا ئىش-لەيتتى، چوڭ قىزى جېننى فېيىق 18 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ بۇ كەمگىچە ھېچقانداق ئىشنىڭ بېشىنى تۇ-تۇپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ قالغان باللىرى — گېئورگى، مادا، ۋىلىيام، ۋېرونىكىلار تېخى بەكلا كىچىك بولغاچقا، ھېچ ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلمەيتتى، بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ مۇشەققەتتە ئۆتەتتى.

گېرخاردىتنىڭ ئايالىغا كەلسەك، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ

ئاجايىپ ئىشچان ئايال ئىدى. ئىلگىرى ئۇ خەقنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى، تاماق ئېتەتتى، باللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يامايتتى، ئېرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. تۇرمۇشىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ كۆپىنچە نەرخى ئەرزان كۆممىقوناقنىڭ ئۇنىدا ئۇماچ ئېتىپ باللىرىنىڭ قورسىقىنى ئەستەرلەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەپتە ـ ھەپتىلەپ ئۇماچ بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمۇ بولغان، ئۇلار ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا قورساقنا دال بولىدىغان نېمەتمۇ يوق ئىدى.

بالا كەلسە قوشلاپ كېپتۇ، دېگەندەك گېرخاردىت نائۇمىد ياتسا، كىچىك قىزى ۋېرونكاغا ئەسۋە چىقىپ قالدى، ھەممەيلەن ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېيىشتى. ئەمما دوختۇر كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى، پوپمۇ قىزغىن تەسەللى بېرىپ تۇردى، ئانىسى تىنىم تاپماي دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى، ئاقىۋەت نەچچە كۈندىن كېيىن، قىزچاق گويا مۆجىزىدەكلا خەۋپ ـ خەتەردىن ئۆتۈپ ساقىيىپ قالدى.

ئائىلە يەنىلا بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمىدى، چوڭ ئوغلىنىڭ ئازغىنە مائاشى پۈتۈنلەي كەنجى قىزىنىڭ يېگەن دورىسىغا كەتتى. دەل ئاشۇ ئامالسىز قالغان جاپالىق كۈنلەردە، گېرخاردىتنىڭ ئايالى، كۆپچىلىكنىڭ ئاتىشى بىلەن ئېيتقاندا گېرخاردىت يەڭگە بۇ سارايغا قەدەم بې-

سىپ ھاياتلىق ئۈمىدى ئىزدىگەن ئىدى.

گېرخاردىت يەنىگە ئازابلىق خىياللىرىنى چۆرۈۋې-
تىپ ئايال غوجىدارنىڭ ئالدىدا ئايان بولدى.

— بىر كۈنىگە بىر دوللاردىن بولسۇن، بۇ يەردە
ھەپتىسىگە ئاران ئۈچ كۈنلۈك ئىش چىقىدۇ. ھەر كۈنى
چۈشتىن كېيىن كەلسىڭىزلا بىردەمدە تۈگىتىپ بو-
لىسىز، بۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا باشلاڭ، مەيلى ئەمە-
سە، يۈرۈڭ، مەن سىزگە تازىلايدىغان نەرسە، ئورۇنلارنى
كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى ئايال غوجىدار قىلچە سۆ-
رەلمىلىك قىلماي.

كولۇمبو مۇشۇ شتاتنىڭ مەركىزى ئىدى. ئاھالىسى
50 مىڭ كىشىگە يېتەتتى. ئۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ
تۇرىدىغان يولۇچىلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە، بۇ بىر ئالىي دەرىجىلىك ساراي ئىدى.

بۇ ساراي مۇشۇ شتاتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي
ساھەسىدىكى داڭدار شەخسلەر چۈشىدىغان مېھمانخانا
ئىدى. بىرنەچچە شتات باشلىقى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگى-
لىدە بۇ يەرنى مۇقىم قونالغۇ قىلىۋالغانىدى. قوشما
شتات كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئىككى ئەزاسىمۇ ھەر قېتىم
كولۇمبوغا ئىش بىلەن كەلگىنىدە بۇ يەردە تۇراتتى،
كېڭەش پالاتا ئەزاسى براند مانا شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئانا - بالا ئىككىيلەن بۇ چاقناپ تۇرغان ئاجايىپ
دۇنياغا كىرىپ قېلىپ، ھودۇقىنىدىن دېمىنىمۇ چىد-

قىرالماي قېلىشتى.

ئۇلار بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى، ئىش قىلغاندا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشتى، شۇ هالدا، پول ۋە هەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنىمۇ كۆچىنىپ سۈرتۈشتى. تا سائەت بەشتىن هالقىپ گۈگۈم چۈشكەندە ئىشنى تاماملىدى.

شۇ ئەسنادا تاشقىرىدىكى سوغۇق دۇنيادىن مېهمانخانىغا قامەتلىك بىر ئەرباب كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىمخاپتىن تىكىلگەن شىلەپىسى، كەڭ پاسونلۇق هەربىيچە پىلاشى شۇئان كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ مۇهىم بىر شەخس ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. قاردىن توڭلاپ كەلگەن چىرايى سۇرلۇك كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن، قارىماققا ئۇنىڭ ئوچۇق مىجەزلىك، يۇمشاق كۆڭۈل كىشى ئىكەنلىكى زاهىر بولۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى پولنى سۈرتۈۋاتقان ئانا ـ بالا ئىككىسىگە ئاتايىن يول بەردى ـ دە، مۇلايىملىق بىلەن قولىنى شىلتىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جېنىنى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ ئۇ كىشىگە قارىغىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇنىڭدا ئالاقزادىلىك ئىپادىلەندى.

بايىقى كىشى پەلەمپەينىڭ ئۇستۇنكى باسقۇچىغا چىقىپ بولۇپ، ئىختىيارسىز ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئۇ-

نىڭ نەزەرى قىزنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان چىرايى، زەڭگەر كۆزلىرى، يۇمران ئەتلىرى، تولغان قوۋۇزلىرى، بولۇپمۇ خۇش پىچىم فىگۇرىسى، بەرق ئۇ-رۇپ تۇرغان ياشلىق لاتاپىتى، ساغلام قىياپىتى ئۈستىدە چاپتى. ئۇ بۇلارنى كۆز ئالدىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئىتتىك ئالغا يۈرۈپ كەتتى، لېكىن قىزچاق-نىڭ جەلپكار سىماسى ئۇنىڭ مېڭىسىگە مەھكەم ئور-نىشىپ قالدى. بۇ كىشى دەل ھېلىقى كېڭەش پالاتا ئەزاسى گېئورگى شۇئالفۇستو براند جانابلىرى ئىدى.

سائەت بەش يېرىم بولغاندا، ئايال غوجىدار ئۇلارغا قايتىشقا ئىجازەت بەردى.

قاتار ـ قاتار سىلىنغان چىرايلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدى-دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— بىزنىڭمۇ شۇنداق جىق پۇلىمىز بولغان بول-سىچۇ، — دېدى جېنىي ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ.

— قانداق قىلساق بولاركىن، — دېدى ئانىسى ئۇ-لۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا جېنىينىڭ ئاكىسى سى-باستىئون:

— سىلەر سارايغا چۈشكەن مېھمانلارنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى ئۆيگە ئەكىلىپ يۇساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپ تەكلىپ بەردى جېنىي ئۆزلىرىنىڭ بوگۇنكى سەرگۇ-زەشتىسىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، — بۇ



پەلەمپەينى تازىلىغاندىنغۇ مىڭ ياخشى.

— مېھمانلاردىن قانداق سورايمىز — دېدى جېنىنى.

— قانداق دەمسەن، بېرىپلا بوغالتىردىن سورايسەن-دە، — دېدى ئاكىسى.

بۇ مەسلىھەت جېنىنىغا خېلى جېنى بار مەسلىھەتتەك تۇيۇلدى. ئەتىسى سارايغا كېتىۋېتىپ يولدا بۇ ئىشنى ئانىسىغا ئېيتتى.

— بۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، —دېدى ئۇ قوشۇلۇپ، —مەن بېرىپ بوغالتىردىن ياردەم سوراپ باقاي.

بۇ ئانا-بالا ئىككىيلەن بوغالتىرنىڭ كۆزىگە خېلىلا سىڭىشىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ گېرخاردىتنىڭ ئايالى ئويىنى ئېيتقاندىن كېيىن قىلچە ئىككىلەنمەيلا:

— سىز ئۇستىگە چىقىپ كېڭەش پالاتا ئەزاسى براندقا دەپ بېقىڭ، يۈيىدىغان كىيىمى بارمۇ-يوق، ئۇياق 22-خانىدا تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

گېرخاردىتنىڭ ئايالى ياتاق ئالدىغا كەلدى-دە، يۈرەكئالدى بولۇپ ئىشىكنى چەكتى. جېنىنى ئۇن-تىنسىز ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن بىللە كەلدى.

ئىشىك ئېچىلغاندا ھېلىقى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئەپەندى چىرايلىقىنا ئۆي ئىچىلىك خالات كىيىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ بۇلار دەسلەپ كۆرگەن چاغدىكىدىن خېلى ياش كۆرۈنەتتى.

— مېنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭلار؟ —

دېدى ئۇ. بۇلارنى، بولۇپمۇ ماۋۇ ياش، گۈزەل قىزچاقنى ئۇ بىر قاراپلا تونۇۋالغانىدى.

— بىز كىر ـ قاتلىرى بولسا يۇيۇپ، كىراخماللاپ بەرسەكمىكىن، دەپ كېلىۋىدۇق، — دېدى گېرخاردىتنىڭ ئايالى تارتىنىش ئىلكىدە.

— يۇيۇپ، كىراخماللاپ؟ — كېكەش پالاتا ئەزاسى سۆزنى تەكرارلىدى ـ دە، — قېنى ئىچكىرى كىرىڭلار، مەن قاراپ باقاي، — دېدى.

ئۇ ئەدەپ بىلەن ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى ـ دە، كىيىم ئىشكاپىنىڭ تارتمىلىرىنى بىردىن ـ بىردىن ئېچىپ يۇيىدىغان كىيىملىرىنى ئىزدىدى.

— ئولتۇرۇڭلار، بۇ ياق سىز-نىڭ قىزىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، ئەپەندى، — دېدى ئانا.

پالاتا ئەزاسى ئۇلاپلا گېرخاردىتنىڭ ئايالىدىن ئۇ-لارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىختىيارسىزلا سوراپ كەتتى.

مۇشۇ پاراڭلار بولۇۋاتقاندا، جېننىنىڭ ئوتلۇق شەھلا كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ پىلدىرلاپلا قالغان-دى. ئەپەندى ئۇنىڭغا ھەربىر كۆز تاشلىغىنىدا، ئۇ ئوماق نەزەر بىلەن ئەپەندىگە قاراپ يېقىملىققىنا كۈلۈپ قو-ياتتى. ئەپەندى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەيلا قالدى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كېگەش پالاتا ئەزا-
سى ئۇستەل يېنىغا بېرىپ كىتاب كۆرۈشكە تۇتۇندىيۇ،
لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلى بىر جايدا بولماي قالدى.

جېنىنى ئۇستىدە ئېغىز ئاچىدىغان بولساق، بۇ نام-
رات قىزچاق شۇنچىلىك تۇغما يېقىملىق بىر قىز ئې-
دىكى، ئۇنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ
ھەربىر ئىشنى قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئاق كۆڭۈللۈك
ۋە مېھرىبانلىقتىن تۇغۇلار ئىدى.

كېگەش پالاتا ئەزاسى بىر ئالاھىدە ئەر ئىدى. ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدىن پۇرسەتپەرەسلەرچە ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ھەقىـ-
قىي ھېسداشلىق قەلبى تەڭ تېپىلاتتى. ئۇ ئوھىئو
شتاتىدا تۇغۇلغان، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى
يىل قانۇن كەسپىدە ئوقۇغاندىن سىرت، مۇشۇ شتاتتا
چوڭ بولغان ۋە شۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. ئۇ
قانۇنغا پىششىق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ بىلىملىرىنى
ھەقىقىي ئىشلىتەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قانۇن سا-
ھەسىدە ھېچقانچە مۇۋەپپەقىيەتلىرى يوق ئىدى. ئۇ
ئاز ـ تولا پۇلمۇ تاپقانىدى، گەپنىڭ توشىنىسىنى ئېيت-
قاندا، كۆپرەك پۇل تاپاي دېسە پۇرسەتمۇ بار ئىدى، ئەمما
ئۇ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى.

كولۇمبو ئۇنىڭ سايلام رايونىنىڭ بىر قىسمى ئې-
دى، بۇ رايوندا ئۇ بەش قېتىم ئاۋام پالاتا ئەزاسىلىققا،
ئىككى قېتىم كېگەش پالاتا ئەزاسىلىققا سايلانغان. ئۇ

هازىرغىچە بويتاق ئىدى، ياشلىقىدا بىر مەھەل قىزغىن مۇھەببەتلەشكەن بولسىمۇ، نەتىجىسى چىقمىغانىدى. هازىر ئۇ 52 ياشقا كىرىپ قالغان، تەقى - تۇرقى سۇمباتلىق، ھەقىقەتەنمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخس ئىدى.

بۇ قېتىم كولۇمبوغا كېلىشىدە، ئۇ ئۆزىگە سىياسىي جەھەتتە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان توساقنى ئوڭشاشنى مەقسەت قىلغانىدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي سايلامدا، ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ شتات پارلامېنتىدىكى كۆچى ئاجىزلىشىپ قالدى. ئۇ يېڭىۋاشتىن سايلىنىش ئويىدا بولۇۋاتاتتى. خېلى يېتەرلىك سايلام بېلىتىگە ئىگە بولۇش سالاھىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ئېھتىياتچان سىياسىي ۋاستە قوللانمىسا، ئۇلارنى ئۆزىگە ھەقىقىي قارىتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە بىرسى ئىشىكنى چەكتى، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا جېنني ئىكەن.

— قېنى كىرىڭ، — دېدى كېڭەش پالاتا ئەزاسى، بۇ قېتىممۇ ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك، ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن يول بەردى.

— ئەپەندىم، كىيىملىرىنى يۇيۇپ بولغان ئىدۇق، — دېدى جېنني ئېھتىرام بىلەن.

— رەھمەت، — دېدى براند ئىرەڭشىمىگەن قىياپەتتە، — كىرىسلوغا قويۇپ قويۇڭ.

جېنىنى ئۆزىنىڭ كىر يۇيۇش ھەققىنى ئالمىغانلىقى ئېسىدە يوقلا، قايتمىشقا تەمشىلمۇېدى، كېگەش ئەزاسى ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ئانىڭىز ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خۇش پېئىللىق بىلەن.

— ھەئە، ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، — جېنىنى قىسقىلا جاۋاب قايتۇردى.

— دادىڭىز قانچە ياشقا كىردى؟

— 57 گە كىردى.

— ئانىڭىز ئۇنى ئەينەكچىلىك قىلىدۇ، دېگەندەك قىلىۋېدى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندىم.

براند بىر پەس ئويغا چۆككەندىن كېيىن، بىردىنلا كاللىسىغا «بۇ قىزنى يەنە گەپكە تۇتۇپ تۇرۇۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دېگەن ئوي كەچتى ـ دە، يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى چىقىرىپ ئارىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ قىزغا بەردى.

جېنىنى گادىرماش ھالەتتە پۇلنى ئالدى، ھەتتا بۇ پۇلنىڭ قانچە دوللار ئىكەنلىكىگە قاراپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ زات ئۇنىڭ قېشىدىلا تۇرغاچقا، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

جېنىنى ئون دوللار پۇلنى ئانىسىغا بەرگەن چاغدا، ئانىسى خۇشاللىقىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئانا، — دېدى جىننى، — مەن ئىشىكتىن چىـ-
قىپ بولۇپ، بۇ پۇلنىڭ بۇنچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى
ئاندىن بىلدىم، ئۇ ماڭا بۇ پۇلنى سىزگە بېرىشىمنى
جېكىلىدى.

ئانىسى قولىدا پۇلنى سىقىمداپ تۇرۇپ، بۇ ئاس-
ماندىن چۈشكەن بايلىق ئىلاھىنى يېنىشلاپ ماختاپ
كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى ئېرىدىن قەتئىي خۇپىيانە تۇتۇشنى
بىلەتتى، چۈنكى، گېرخاردت تەرسا ئادەم، ئۇ يوقسۇز-
لۇقنىڭ دەردىنى بولۇشىغا تارتقان بولسىمۇ، بىراۋنىڭ
ھەرقانداق ھىممىتىنى قوبۇل قىلمايتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جىننى پات - پات كېلىپ
كىيىم - كېچەك ئېلىپ كېتىپ تۇردى. يويۇپ، كراخ-
مالالاپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئاپىرىپ بېرىپ
تۇردى. براندىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىمۇ كۈنسېرى
كۈچەيدى.

ئاقىۋەت جىننى كېڭەش پالاتا ئەزاسىنىڭ ئەتراپى-
دىكى ھەممە نەرسىگە ھېرىسمەن بولۇپلا قالماستىن، بۇ
ئوتتۇرا ياشلىق يىگىتكىمۇ مەھلىيا بولۇپ قالدى، بو-
لۇپمۇ جىننى ئۇنىڭ مەردلىكىنى قەدىرلەيتتى.

جىننى بۇ كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئەپەندىدىن كۆڭلىدە
تولىمۇ مەمنۇن ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ
بۇرۇنقىدەك قورۇنۇپ كەتمەيدىغان بولدى. كېيىنچىرەك
بۇ ئىككىسى خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. جىننى

ھەردورەم كەلگەندە، كېگەش پالاتا ئەزاسى بىرەر باھانە تېپىپ، ئۇنى ئۇزاقراق تۇتۇپ قالىدىغان بولدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ پاك ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان نامراتلىقتىن يىرگىنىش ئېڭىنى ۋە كىشىلەرگە ئېيتقۇسى كەلمەيدىغان بىر خىل نومۇسچانلىقنى بايقىدى.

گېرخاردىتنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. بىراق ئەينەك زاۋۇتى تاقىلىپ قېلىپ، نائۇمىد تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ شال تىلىش ئىشىنى قىلىپ يۈردى.

مىلاد بايرىمى يېتىپ كەلگەندە، گېرخاردىتنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ، پىكىر ـ خىيالى بالىلىرىغا نېمە سوۋغىلارنى سېتىۋېلىشتا ئىدى. ئاياغ، قولقاپ، ئويۇنچۇق، قەنت ـ گېزەك دېگەن نېمىلەر ئىلگىرى ئۆلاردا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان، بىراق ھازىر قىيىنچىلىق چىرمىۋالغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى.

بۇ چاغدا، گېرخاردىتنىڭ ئايالىنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى، ئۇ، بىچارە ئوغلىنىڭ كۆمۈر ئوغرىلايمەن دەپ جاپا چېكىپ يۈرگىنىدىن كۆرە، بىرەر توننا كۆمۈر سېتىۋالساقمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئۈچ دوللارنى نېرىراق تىقىپ قويغانىدى، ئەمدى بايرام كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن، بۇ پۇلغا بايراملىق نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش خىيالىغا كەلدى.

مىلاد بايرىمىنىڭ هارپا كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يې-تەرلىك كۆمۈر يوق ئىدى. ئانىسى باللىرىنى ۋوگزالغا بېرىپ، كۆمۈر تېرىپ كېلىشكە ئۇندىدى. جېننى جا-سارەت بىلەن ئىنى ـ سىڭىللىرىنى ئېلىپ، سېۋەت كۆتۈرۈپ كۆمۈر تېرىشكە ماڭدى.

ئۇلار سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىۋات-قىنىدا، يولدا بىر مۆتىۋەرنى ئۇچراتتى. ئۇ كىشى بې-شىغا ئېگىز قىرلىق شىلەپە، ئۇچىسىغا پىشى جىلىتكە شەكلىدىكى پەلتو كىيىۋالغانىدى. جېننى بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى. بۇ كىشى باشقا بىرى ئەمەس، دەل ھې-لىقى مەرتىۋىلىك كېڭەش پالاتا ئەزاسى براند ئەپەندى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ بۇ يەردە تازىمۇ زېرىكىشلىك بولغان مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، تېخى ھېلىلا ۋا-شىنگتوندىن قايتىپ كېلىشى ئىدى.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېننىنى تونۇپ قالدى، ئۇ جايىدا توختاپلا: «سىزمىدىڭىز، جېننى؟!» دەپ ۋارقىر-دى.

بۇ چاغدا جېننى قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە تاشلى-ۋېتىپ، ئىنى ـ سىڭىللىرىغا، ئۆيگە ئالغاچ كېتىڭلار، دەپ ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، قارشى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئۇنى قوغلاپ نەچچە قېتىم قىچقىرغان بولسىمۇ، ئارقىسىغا قارىماستىن يۈگۈرۈ-

ۋەردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بۇ مەسۇمە قىزنىڭ نومۇس قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىردى. جىنىنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىغا ئەگىشىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ زادى نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش قارارىغا كەلدى. بالىلارنىڭ بىر پاكار ئۆينىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرگىنىدە، گېرخاردىتنىڭ ئايالىنىڭ قارىسى كۆزىگە چېلىقىپ قالدى، يەنە جىنىنىڭ كۆلەڭگىسىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدى. شۇ ئەسنادا، ئۇ چاپچىپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئاران بېسىۋېلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، بۇ يەردىن كېتىپ قالدى.

شەھەر بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مىلىچمال دۇكىنىنى براندنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسى ماننىن ئاچقانىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى براند بۇ يەرگە كېلىپ:

— ماننىن، سەن بىر ئائىلىلىك بايراملىق نەرسە تەييارلىغىن، جىقراق بولسۇن، ئۇ ئۆيدە ئاتا-ئانا ھەم ئالتە بالا بار، پۇلىنى سورىمايلا قوي، ھەربىر خىلىدىن جىقراق بولسۇن، ساڭا ئادرېسىنى بېرىمەن، بايرام ئاخشىمى يەتكۈزۈپ بەر، ئاندىن ھېساب تالونىنى ماڭا ئەكېلىپ بەرگىن، — دېدى.

— خۇشاللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن، باش ئۇستىگە، — ھەم ھەيران بولۇۋاتقان، ھەم تېڭىرقاپ قالغان دۇكاندار پەقەت شۇنىلا دېيەلىدى.

كېچەش پالاتا ئەزاسى مىلىچمال دۇكىنىدىن

چىققىنىمدا، ئۇنىڭ كاللىسىنى جىننىنىڭ ئىنى ـ سىد-
ڭىللىرىنى ئېلىپ كۆمۈر تەرگەن كورۇنۇشى چۇلغى-
ۋالدى ـــ دە، چوڭقۇر تىنىشتىن خالىي بولالمىدى.

بايرام ئاخشىمى كېچەش پالاتا ئەزاسىنىڭ جىننى-
نىڭ ئائىلىسىگە ئالغان سوۋغاتلىرى يەتكۈزۈپ بېرىل-
دى، مىلىچمال دۇكىنىنىڭ مال ھارۋىسى ئۇلارنىڭ پا-
كار ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختاپ، بەستلىك بىر دۇكان
خىزمەتچىسى سوۋغاتلارنى ئۆيگە ئەكىرىشكە باشلىدى.
گېرخاردىت ئەر ـ خوتۇن خىزمەتچى يېڭىلىشىپ ئە-
كەلدى دەپ ھېسابلىدى، بىراق، مال يەتكۈزۈپ بەرگۈچى
ئىككىلەنمەي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى ھەمدە گېر-
خاردىت ئائىلىسىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىنى
ئۆتۈندى.

مىلاد بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كې-
يىن، براند سارايدا جىننىنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇچرى-
شىپ قالدى.

ـــ ياخشىمۇسىز، گېرخاردىت خانىم؟ ـــ ئۇ قولىنى
ئۇزاتقاچ ئامانلاشتى.

بىچارە ئايال غالىلداپ تىترىگەن پېتى ئۇنىڭغا قول
بەردى. كۆز چاناقلىرى شۇ ھامان ياشقا تولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ سارايدا
بىر سۇمباتلىق، پۇلدار كېچەش پالاتا ئەزاسى بار ئىكەن-
لىكى، ئۇنىڭ مۇلايىملىقى، ئۆزلىرىگە بېرىدىغان كىر

يۇيۇش ھەققىنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرى گېرخاردتىنىڭ قۇلىقىغا پات ـ پاتلا كىرىپ قالىدىغان بولدى. ئۇ براند ئىسمىلىك بۇ ئەپەندىنىڭ سۆزسىز بىر ئۇلۇغ ئەرباب ھەم ئېسىل سۈپەت ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپلا قالدى.

بۇ چاغدا، جېننىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسىغا بولغان قىزىقىشى بۆلەكچە تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بۇ دەل ئۇ-نىڭ رەسىدە بولۇۋاتقان مەزگىلى بولغاچقا، ھۆسن ـ جا-مالى تولۇپ بېرىۋاتاتتى، ھەرقانداق ئەركەكنىڭ ئۇنىڭغا شەيدا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى يارىلىشىدىنلا بېجىرىم، ئېگىز ئىدى. ناۋادا ئۇنىڭغا مودا ئاياللارنىڭ كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈپ قويى-دىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھېلىقى كېڭەش پالاتا ئەزاسىغا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېگىز بويىغا مۇناسىپ كەلگۈدەك جۈپ بولالىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇنىڭ چولپان كۆز-لىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئەتلىرى ناھايىتى يۇمران، چىشلىرى سەدەپتەك ئاق ھەم تەكشى ئىدى. ئۇ ئەقىل بابىدا يېتىشكەن، ئۆزىمۇ زېرەك، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىق-تىدارىمۇ كەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا كەم بولغىنى تەج-رىبە ھەم ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى ئىدى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئۇ يۇيغان كىرلەرنى ئا-پىرىپ بەرگىلى سارايغا ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر قېتىم بارىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كەلگىنىدە، براند ئۇنى

خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشى ئالاتتى. جېننى بىلەن كې-
گەش پالاتا ئەزاسى بىر يەرگە كەلگىنىدە، ئۇنىڭ يۈرە-
كىدىكى مەرتىۋە پەرقى توغرىسىدىكى قورقۇمسىراش
تامامەن غايىب بولاتتى. ئۇ براندنى سېخىي دوست قاتا-
رىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى.

بىر كۈنى كەچتە، ئۇ جېنىنىنى ئۆز يېنىغا چا-
قىردى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى
تۇتۇۋالدى ـ ده، بىر خىل تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز
قىياپەتتە:

— سىزنىڭچە، مەن قانداق ئادەم، — دەپ سورىدى.

— ۋىيەي، — دېدى جېننى يۈزىنى ئەتەي چەتكە
بۇراپ، — مەن نېمە بىلەي، مەندىن نېمىشقا سوراپ
قالدىلا؟

— ئوھوي، سىز بىلىسىز، — دېدى براند، — سىزدە
ھامان مەن توغرۇلۇق مەلۇم ئوي باردۇ.

— ياقەي، مەندە ھېچقانداق ئوي يوق، — دېدى
جېننى.

— سىزدە بار، — ئۇ قىزنىڭ بۇنداق ئوچۇق سۆز-
لۈكىگە مەستلىكى كېلىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن دې-
دى، — سىز مەن توغرۇلۇق چوقۇم ئويلىغان، ئېيتىڭە،
زادى قانداق ئويلىغان؟

— سىز مەندىن مېنىڭ سىزنى ياقتۇرىدىغان ياكى
ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى سورىماقچىمۇ؟ — جېننى تۈز

كۆڭۈللۈك بىلەن سورىدى.

— ھەئە، شۈنداق، — دېدى براند سەل ئۈمىدسىزلەن-
گەن ھالدا. كۆڭلىدە: «بۇ قىزدا نازۇكەرەشمە دېمەك
ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

— مەن سىلىنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن، مىنىڭچە،
سىلى بەك ياخشى ئادەم، — دېدى جېنىنى ئەركىلەپ تۇ-
رۇپ. ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتىد-
ۋاتقىنى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— بوپتۇ، ئەمىسە، — براند شۇنداق دېگەچ، قىزنى
ئاستا ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە چوكىدە
بىرنى سۆيدى.

— ۋاي! — ئۇ رۇسلىنىپ تۇۋلىۋەتتى، ئۇ بەك چۆ-
چۈپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىش ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭىچە بىر ھا-
لەتنى پەيدا قىلدى. براندنىڭ كىيگەش پالاتا ئەزاسىغا
خاس سالاپىتى شۇئان غايىب بولدى.

— ھوي، — دېدى براند، — مەن سىزنى چۆچۈتىد-
ۋەتتىممۇ ـ نېمە؟

جېنىنى ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. كۆڭلىدە بۇ ئۇلۇغ
زاتقا قارىتا يەنىلا ھۆرمىتى كامىل ئىدى، شۇڭا مىيى-
قىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ھەئە، مېنى چۆچۈتىۋەتتىلە، — دېدى.

— بۇ مېنىڭ سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن

بولدى ـ دە، — دېدى ئۇ قىلچە يوشۇرماي.

بۇ سۆز جىننىنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. جىننى بىر پەس سۈكۈتكە چۆمۈپ، ئاندىن:

— مېنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، — دې- دى.

سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆزى ئەكېتىدىغان بىر بوپا كىرنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، ئۇ، ئۆزىنى نېمىنىدۇر خاتا قىلىپ قويۇۋاتقاندەك، براند ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەۋاتقان- دەك سەزدى.

«ئۇ يەنە كىر يۇيۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك» دەپ ئويلىدى براند، بىردىنلا ھېسداشلىقنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۇ قىز- نىڭ ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ھاياجان ئىلكىدە:

— قىزچاق، ئەمدى يەنە بۇنداق ئىشنى قىلىپ يۇ- رۈشىڭىز بىھاجەت، مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن، سىز ئۈچۈن بىر ئامال تاپىمەن، — دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە تېز ئۆزگىرىش بولدى. جىننى يەنە بىر كەلگىنىدە، براند قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇ- رۇشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ھەم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى سوراشتۇردى. گەپ ئارىلىقىدا قىزنىڭ ئۇنىڭ سوئالىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇ- ۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە

بىرىپ، ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى.

ئۇ قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ، ئاستا سىرتقا چىقتى. ئۇلارنىڭ پاكار كەپىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئىشىكنى دادىل چەكتى.

ئىشىكنى گېرخاردىتنىڭ ئايالى ئاچتى.

ــ خەيرلىك ئەتىگەن، گېرخاردىت خانىم، ــ دېدى براند، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئارىسالدىلىق ئالامىتىنى كۆرۈپ، يەنە، ــ كىرسەم بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

گېرخاردىتنىڭ ئايالى كېيىمىش پالاتا ئەزاسى ئەپەندىنىڭ بۇنداق كېلىپ قېلىشىدىن چۆچۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ھودۇققىنىدىن قوللىرىنى جۇلدۇر پەرتۇقىنىڭ ئۈستىگە سۈركەۋەردى. شۇ ئەسنادا ئۇزمەي:

ــ ۋاي بولمامدىغان، قېنى مەرھەمەت قىلىڭ، ــ دېدى.

ئۇ شاپاشلىغىنىچە مېھمانغا يول باشلاش بىلەن بولۇپ، ئىشىكنى يېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

براند ئۇنى بۇنچىلىك تەمتىرىتىپ قويغىنى ئۈچۈن سەل ئوڭايسىزلاندى بولغاي:

ــ ھېچقىسى يوق، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ، سىلەرنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كىردىم، ــ دېدى.

ــ رەھمەت، ــ دېدى گېرخاردىتنىڭ ئايالى، ــ بالىلارنىڭ دادىسى ئىشلىگىلى چىقىپ كەتتى.

— بۇنداقتا، ئۇياق ئىش تېپىۋاپتۇ ــ دە؟

— شۇنداق، — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى، ئۇمۇ جېنىنىغا ئوخشاش، ئېرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى دېيىشنى خالىمىدى. چۈنكى، ئۇلار شال تىلىش نومۇس قىلىدىغان ئىش دەپ ھېسابلايتتى.

— باللارنىڭ ھەممىسى ئۆيدىمۇ؟ جېنىنىچۇ؟ — دەپ سورىدى كېگەش پالاتا ئەزاسى.

— ئۇ ئۆيدە، مەن چاقىراي.

شۇ تاپتا جېننى ئىچكىرىكى ئۆيدە ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقاندى. جېننى ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە يۈزى قىزىرىپ كەتتى، براندنىڭ كېلىشى بەك تاسادىپىيلا بولغاندى، بۇ قىزنىڭ كۆڭلى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، تىلى گەپكە كەلمەيلا قالدى.

— جېننى، ياخشىمۇسىز؟ سىلەرنىڭ ئۆي ـ ماكانىڭلارنى بىر كۆرۈپ كېلەيچۇ دەپ ئويلىۋىدىم.

— بۈگۈن تازا قالايمىقان ۋاقىتتا كېپقالدىلا، ئەپىبكە بۇيرۇمىسىلا، — دېدى جېننى.

—ھېچقىسى يوق، سىلەر باشقىچە خىيالدا بولماڭلار، — دېدى براند يېقىملىق ھالدا.

ئۇ كىشىنىڭ خانىسىدا ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىغان كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان سەممىمىي سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جېنىنىنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى.

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا، جېنىنىنىڭ دادىسى قايتىپ

كەلدى.

جىننى ئالدىراش ئۇلارنى تونۇشتۇردى.

گېرخاردىت ئۆزىنىڭ ئۇستۇېشىنىڭ جۇلدۇرلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولدى ـ دە، ئالدىراشلا بىر باھانە تېپىپ چىقىپ كەتتى.

براند ۋە ئانا ـ بالا ئۇچەيلەن بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن، گېرخاردىتنىڭ ئايالىغا:

— ئېرىڭىزگە ئېيتىپ قويسىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئالدىمىزدىكى دۈشەنبىدە مېنىڭ خانامغا بىر كېلىپ كەتكەن بولسا، ئۇياققا كېيىم بار ئىدى. مېڭىش ئالدىدا چاندۇرمايلا جېننىنىڭ قولىغا 10 دوللار تۇتقۇزۇپ قويدى.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى بىر پارچە خەت يېزىپ جېننىنىڭ دادىسىنى شۇ جايدىكى بىر زاۋۇتنىڭ خوجايىنىغا تونۇشتۇرۇپ، دەرۋازىۋەنلىككە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇڭا، بوۋاي ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇرسەن بولدى. بۇ ئۇلۇغ زاتقا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندى.

جېننىغا كەلسەك، كېڭەش پالاتا ئەزاسى مۇمكىن بولغان جىمى ئامالنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇۋاتاتتى. شۇغىنىسى، سەل بىئارامىمۇ بولاتتى. كىشىلەر بۇ كىم يۇيىدىغان، پول سۈرتىدىغان ئايالنىڭ قىزى بىلەن ناتوغرا ئالاقىدا بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ قېلىپ سۆز ـ چۆچەك قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟

جېنىنى ھەر دورەم كىرلارنى ئەكەلگىلى ياكى ئە-كەتكىلى كەلگىنىدە، ئۇنىڭ خانىسىدا نەچچە ئون مى-نۇتلاپ ھايال بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، براند ئايال غوجىدار بۇنى سېزىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ياكى سۆز ـ چۆ-چەك ئاڭلاپ قالغانمىدۇ، دەپ گۇمان قىلاتتى. ئەگەر بۇ خەۋەر تارىلىپ كەتسە، پۇتكۈل شەھەرگە پۇر كېتىپ، ئۆزىنىڭ يۈزى تۆكۈلىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ، شۇنداق بولسىمۇ، بۇ خىل ئوي ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ھېچ تو-سۇيالمىدى.

بىر كۈنى ئۇ جېنىنىنى قۇچاقلاپ، باغرىغا چىڭ باستى. يەنە بىر كۈنى ئۇنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بۇ سەبىي گۈزەل قىزنى راسا ئۆپتى. يېقىنىدىن بېرى بۇن-داق قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈشتەك ئىشلار پات ـ پاتلا يۈز بېرىپ قالىدىغان بولدى. ئۇ بۇ خىل كۆڭۈللۈك ئىش-لارنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى، گويا خېلىلا ياشىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ كۆپ يىللىق رومانتىك ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالاتتى.

ئەپسۇسكى، تەقدىر ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم زەربە بەردى. سارايدا ئۇنىڭ بىلەن كىيىم يۇيىدىغان قىزنىڭ بىنورمال مۇناسىۋەت قىلغانلىقى، بولۇپمۇ جېنىنىنىڭ ئالتۇن سائەت تاقىۋالغانلىقى خۇسۇسىدا گەپ تارقىلىپ كەتتى، ئەلۋەتتە بۇ سائەت تاقاش كىچىك پالاتا ئەزاسى

بىلەن باغلىنىپ قالاتتى.

ئاقىۋەت، ئىش كۆرگەن ئايال غوجىدار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جىيەنىنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گىيرخاردىتنىڭ ئايالىنىڭ چۆ-چۈگىنىدىنمۇ ياكى ئاچچىقى كەلگىنىدىنمۇ ئەيتاۋۇر تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۆيگە قايتقىچە:

— بىلەمسەن، خەقلەرنىڭ دەۋاتقانلىرى بەكمۇ دەھ-شەتلىك جۇمۇ، سەن راستتىن كېچەش ئەزاسىنىڭ خا-نىسىدا ئۇزاق ھايال بولغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئانى-سى جىيەنىدىن.

— تاڭەي، — ئۇ ۋىجدانىنىڭ قىستىشى بىلەن ئازراق راست گەپ قىلدى، — بەلكىم شۇنداق بولۇشىمۇ مۇم-كىن.

— ئۇ ساڭا ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى تەشۋىش بىلەن.

— ياقەي، — دېدى قىزى، دىمىسىمۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىرەر يامان غەرەزنى سەزمىگەنىدى.

ئاقىۋەت كىر يىغقىلى گىيرخاردىتنىڭ ئايالى ئۆزى باردىغان بولدى.

كېيىن بىرنەچچە دورەم گىيرخاردىتنىڭ ئايالى ئۆزى باردى، كېچەش پالاتا ئەزاسى گويا بىرنېمىنى سەزگەن-دەك:

— جىننى نىمىشقا كەلمىدى؟ —دەپ سورىدى.

— سارايدىكىلەر ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەق-قىدە سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرۈپتۇ، — دېدى ئۇ يالغان سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماي.

— زادى كىم؟ قانداق ئادەم؟ —سورىدى ئۇ. ئاۋازى-دىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئايال غوجىدار.

— ئەمدى بۇ ۋالاقتەككۈر خوتۇن مېنىڭ ئىشىمغا باش قاتۇرۇپتۇ - دە، ئەدەپلەپ قويمىسام ئۇنى! — دېدى غەزەپ بىلەن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى براند ئۆزىنىڭ لۆم - لۆم كرېسلوسىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈردى. جىننى ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە قىممەتلىك تۇيۇلدى، مانا ئەمدى ئۇنى بۇ ئۆيدە قايتا كۆرەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى سالماقلىق بىلەن كاللىسىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، سارايدا بولۇۋاتقان ئەيقاچتى گەپلەرگە ئەمدى ھېچنېمە كار قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ھەمدە بولدى قىلماقنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئەمما، جىننى ئۇنىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. بىر كۈنى ئۇ قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ، ھېلىقى پاكار ئۆي تامان يول ئالدى. گېرخاردتىنىڭ ئايالى ۋە قىزى تەئەججۈپ ھەم تەبەسسۇم بىلەن ئى-شىكنى ئېچىپ قارشى ئالدى. ئازراق پاراڭلاشقاندىن



كېيىن، جېنىنىڭ ئانىسى سىرتقا چىقىپ كېتىۋىدى، براند مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جېنىنىغا گەپ ئاچ-تى:

— ئەتە كەچتە ئىككىمىز پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىپ كەلسەك قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدى جېنىنى، چۈنكى ئۇنىڭ قارى-شىچە، بۇ تەكلىپ بىر خىل شەرەپتىن دېرەك بېرەتتى.

ئەتىسى براند كەلگەن چاغدا، جېنىنى ئاللىقاچان جابدۇنۇپ بولغانىدى. ئۇ ئاچ نېلۇپەر رەڭلىك پاختا رەختتىن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ كىيىم ئۇنىڭ چىرايلىق قامىتىگە شۇنچە ياراشقانىدى. ئۇ قولىغا پەلەي كىيمىگەن، ھېچقانداق بېزەكمۇ تاقىمىغانىدى. ئۇنىڭ كىيگۈدەك قىسقا پوپايكىسىمۇ يوق ئىدى.

— جېنىنى، — دېدى ئۇ، — مەن ئەمدى سىز بىلەن بىرگە بولمىسام زادى بولمايدىكەن دېگەن قاراشقا كې-لىپ قالدىم. سىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن بىرگە ياشاشنى خالامسىزكىن؟

جېنىنى يۈزىنى چەتكە بۇراپ:

— ۋاي تاڭەي، — دېدى، ئۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى.

— مەن چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتىمەن، سىز ماڭا ياتلىق بولامسىز، بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەمسىز؟

— مىنىڭچە بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۇ يەنە:

— جىننى، سىزنىڭ ماڭا بىزەمۇ كۆيۈنگۈڭىز كەلمەمدۇ، —دېدى.

— كۆيۈنىمەنغۇ!

— لېكىن سىز كىرلارنى ئەكەتكىلى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز، — دېدى براند ئەلەم ئارىلاش. جىننىغا بۇ گەپلەر قاتتىق تەسىر قىلدى.

— بۇنى مەندىن كۆرمىسىلە، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، —مىنىڭدە نىمە ئىلاج بار دەيلا، ئانامغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەي دەيمەن.

بۇ ۋاقىتتا، براند قىزنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ:

— جىننى، ماڭا تېگىڭ، — دېدى.

جىننى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھاياجان بىلەن قەددىنى رۇسلاپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— سىز ماڭا بەك ئوبدان قاراۋاتىسىز، — دېدى ئۇ خۇددى قىز بالا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلەپ.

— سىز ماڭا تەئەللۇق، جىننى، — دېدى براند چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن، — سىز ئۇچۇن ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ بېرىشكە تەييارمەن. يەنە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سۆيدى.

## 2

جېنىنىنىڭ دادىسى ۋىلىيام گېرخاردىت گېرمانىيىدە تۇغۇلغان، تۇغۇلۇشىدىنلا قەيسەر ئادەم ئىدى. ئۇ 18 يې-شىدىلا قانۇنسىز ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىگە قارشى چى-قىپ پارىژغا قېچىپ بارغان، كېيىن يەنە پارىژدىن چەكسىز ئۈمىدكە تولغان ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن-دى.

گېرخاردىت ياۋاش ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسى ناھايىتى ئىرادىلىك ئىشچى ئىدى. ئۆمرىدە بى-راۋنىڭ بىر تىيىن پۇلىغا كۆز سالغان ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇنداق ھالاللىق ئۇنىڭمۇ قېنىغا سىڭىپ كەت-كەنىدى.

كولۇمبو چېركاۋنىڭ پوپى خىرىستىئان دىنىنىڭ سادىق مۇرىتى ئىدى. گېرخاردىت ۋە ئۇنىڭ ئايالى پوپ تەپسىر قىلىپ بەرگەن دىنىي ئەھكاملارنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشاتتى. ئۇلار چېركاۋنىڭ قۇتبىسىدە ئەمر-مەرۇپ قىلىنغان ۋەزلەرنىڭ يۈزدە يۈز توغرىلىقىغا ئى-شىنەتتى. مانا ئەمدى ياش كۈندىن- كۈنگە چوڭىيىپ، جاھاندارچىلىق مەسىلىلىرىنى ئىزاھلاش بارغانسېرى مۇشكۈللىشىپ كەتمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى گېرخاردىت كىچىلىك ئىش-
تىن چۈشۈپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، قوشنىسى ئۇنى
قىچقىرىپ قالدى:

— گېرخاردىت، — دېدى ئۇ، — مەن سىنىڭ ئاغى-
نەڭ، قانداق گەپ ئاڭلاپ قالغان بولسام ساڭا دېمىسەم
بولمايدۇ. خەقنىڭ ئاغزىدا بىر گەپ بولۇپ كېتىپتۇ،
قىزىڭنىڭ يېقىنىڭياقى ھېلىقى چاچلىرى ئاقارغان،
ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بىلەن سىرتتا چىققانلىقىنى
قوشنىلار كۆرۈپ قالغانىكەن، بەزى سەت گەپلەرنى قى-
لىشىۋاتىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ قوۋىقا چېچى تىك
تۇردى.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا، ئايالىغا ھۆركىرەپ:

— براند بىلەن جېنىنىڭ باردى-كەلدىسى قانداق
ئىش؟ قوشنىلارنىڭ ئاغزىدا بىر بولۇپ كېتىپتۇغۇ! —
دەپ گۆلەيدى.

— قانداق ئىش دەمسىز، ھېچقانداق ئىش بولغىنى
يوققۇ، — ئايالىمۇ بۇ سوئالدىن چۆچۈپ قالغاندەك ئالاق-
زادە ھالدا، — ئۇ ئىككى-ئۈچ قېتىم كەلگەن شۇ، —
دېدى.

گېرخاردىت غۇدۇراپ:

— بىراق ئۇ ئۆيىمىزگە كېلىپ قىزىمىزنى
سەيلىگە ئېلىپ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدا

يامان نىيەت يوقمۇ دەيلى، ئەمما بۇ قىلىقى قاملاشمىغان ئىش ـ تە! ــ دېدى.

شۇ ئەسنادا جېنىنى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ــ ۋاي شۇ گەپمىدى؟ ــ بۇنىڭ سىزگە نېمە ئالا-قىسى بار؟ ــ دەۋەتتى جېنىنى پەقى ـ پەسەت قىلمايلا ئانىسىنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى تۈگىتىمەن دەپ.

ــ مۇشۇ گەپنى ئاغزىڭدىن چىقىرىشتىن ئۇيالما-سەن؟ ــ دېدى بوۋاي ئاغزىنى بۇزۇپ.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. جېنىنى ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سەزدى.

ــ ئايلىنىپ كىردۇق شۇ، ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قى-لىشتىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي نىيىتى يوق،ــ دېدى جېنىنى كۇسۇرلاپ، ــ ئۇ ماڭا ئۆيلەنمەكچى.

ــ ساڭا ئۆيلەنمەكچى، ھىم! نومۇسسىز، ئۇنىڭ يېشى شۇنچە چوڭ تۇرسا، ئۇ سەن بىلەن ئالاقىنى ئۈ-زۈل ـ كېسىل ئۈزسۇن، باردى ـ كەلدىنى توختىـ-تىش! ــ دېدى گېرخاردىت بوۋاي بۇرۇنقىدەك ۋارقىراپ.

گېرخاردىتنىڭ بۇنداق پوپوزىسى ۋە تەلەپلىرى ئال-دىدا ئانا ـ بالا ئىككىيلەن نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى.

جېنىنى بىلەن كېڭەش پالاتا ئەزاسىنىڭ داۋاملىق باردى ـ كەلدى قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، گېرخاردىت ئۇدا نەچچە ئاخشام ئىشىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيىنى باقتى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن

جىننى بىلەن براندنى كۆرۈپ قالدى.

— نەگە باردىڭ؟ — مەن ساڭا كەچتە تالا ـ تۈزگە چىقما دېمىگەنمۇ؟ — گېرخاردىت براندنى پىسەنتكە ئې-لىپمۇ قويماي ۋارقىراپ ـ جارقىراپ سۆزىنى داۋام قى-لىۋەردى.

براند بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولۇشىنى خىيا-لىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتا-يىن بىئارام بولدى. جىننىنىڭ مەڭزى شەلپەردەك قى-زىرىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى.

— ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ — سورىدى براند كەسكىن هالدا، — نېمە ئىش ئۆتۈلۈپتۇ.

— نېمە ئىش ئۆتۈلسە بولاتتى يەنە؟ — دەپ هۆر-كىرىدى گېرخاردىت، — ئۇ بۇنداق يېرىم كېچىدە كو-چىدا لاغايلاپ يۈرمەسلىكى كېرەك. مەن قىزىمنىڭ سىزدەك بۇ ياشتىكى ئادەم بىلەن كېچىلىرى تالا ـ تۈزدە ئايلىنىپ يۈرۈشىنى خالىمايمەن، سىز ئۇنى زادى نېمە قىلاي دەيسىز؟

— ماڭا ئۇنى نېمە قىلىسىز دەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئۆزىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغان ئىززەت ـ هۆرمىتىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ، — ئۇنىڭ بى-لەن مۇڭدىشىشنى خالايمەن، مەن تېخى ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى، ئەگەر ئۇ خالايدىغانلا بولسا.

— نېمە؟ توي قىلماقچى! بۇ ئۇخلىماي چۈش

كۆرگەنلىك، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، بۇ يەرگە مەڭگۈ كەلگۈچى بولماڭ، — ئەقىل - ئىدرىكىنى يوقاتقان ئاتا سۆزلەپ كەتتى، — ماڭا شۇنچىلىك مالاللىق كەلتۈر-گىنىڭىزمۇ يېتەر، ئەمدى مېنىڭ قىزىمنى سۆرەپ يۈ-رۈپ نامىنى بۇلغاپ يۈرمەڭ!

— قىزىڭىز ئۇن سەككىزگە كىردى، ئەمدى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان ۋاقتى كەلدى. سىز ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتىسىز، قىزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىۋاتىسىز! — دېدى براندى يا ۋارقى-راپ - جارقىراپ كەتمەي، يا غەزەپلىنىپ، چېچىلىپ كەتمەي.

— مېنىڭ ئەمدى سىز بىلەن يەنە ئېيتىشىپ ئولتۇرغۇم يوق، — دېدى گېرخاردىت سەل بوشاشقاندەك بولسىمۇ، بوي بەرمەي، — دەررۇ چىقىپ كېتىڭ، بۇ ئۆيگە ئىككىنچىلەپ يولىغۇچى بولماڭ.

— مېنى كەچۈرگەيسىز، خانىم، — دېدى براند نە-زەرىنى جېنىنىڭ ئانىسىغا بۇراپ، — سىزنىڭ ئۆيە-ڭىزدە مۇشۇنداق غوۋغانى تېرىپ قويدۇم، ئەمدى بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرايلى، ئەمسە كەتتىم، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، — ئۇ سەل ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

گېرخاردىت ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى براندىنىڭ تېپىپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇ ئىشتىن ۋاز

كەچتى. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆيدىكىلەرگە: «كېڭەش پالاتا ئەزاسىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ بېرىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ!» دەپ جاكارلىدى.

گېرخاردىت قىزىنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە دىلخەستە بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، چوڭ ئوغلى سىباستىئون كۆمۈر ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن گۈندىخانىغا سولىنىپ قالدى.

ئوغلىنىڭ تۇتۇۋېلىنغانلىقىنى ئۇققاندا، گېرخاردىت ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن بىر كۈن تۆت ـ بەش يەرگە پالاقشىپ، ئوغلىنى گۈندىخانىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى.

ساقچى سىباستىئوننى سوتقا ئاپىرىپ بەردى، سوت قىلىش ئارقىلىق، سوتچى ئۇنىڭغا قويۇلغان ئون دوللار جەرىمانىنى تۆلىسە ئۇنىڭ ئەركىنلىككە چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنى بەكمۇ يامان ئاقىۋەت دەپ كەتكىلى بولمايتتى، شۇڭا گېرخاردىت كۆڭلىدە خۇرسەن بولدى، بۇ گېرخاردىت ئۈچۈن ئانچە ئاز پۇل بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالىچە ئېپىنى قىلغىلى بولاتتى.

گېرخاردىت ئۆيدىكىلەرگە سوتتىكى نەتىجىنى ئۇقتۇردى، ئاندىن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ، ئون دوللار ئۆتنە ئېلىپ ئوغلىنى قۇتقۇزماقچى بولدى. ھەممىسىلا چىرايلىق گەپلەر بىلەن يولغا سالدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ

ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

دەل شۇ چاغدا جېنىنىنىڭ يادىغا براند كەلدى، ئەمما ئۇ براندنى ئىزدەپ قەرز ئېلىشقا پېتىنالمىدى. دادىسىنىڭ قارشى چىقىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتىسى كېچەش پالاتا ئەزاسىنى شۇنچە ھاقارەتلىگەندى، براند بۇنى قورسىقىغا سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ ھالدا ئۇ شۇنداق ئويلىدى: «ئۇ نەچچە مەرتەم توي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنغۇ، مېنى ياخشى كۆرىدىغۇ، جېنىنى ئۇنىڭدىن ئىجاتلىق تىلەپ بارسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟» ئاقىۋەت جېنىنى غەيرەتكە كېلىپ كولۇمبو كاتتا سارىيىغا قەدەم باستى، تونۇش ئىشىكلەردىن ئۆتۈپ، غەيرىتىنى يىغىپ ئىشىكنى چەكتى.

كېچەش پالاتا ئەزاسى ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپلا، قاتتىق ھەيرەتتە قالدى:

— نېمە، جېنىنى، سىز شۇمۇ؟ — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ، — شۇ تاپتا سىزنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغانىدىم. كىرىڭ - كىرىڭ، — ئۇ غۇلچىنى كەڭ يېيىپ، قىزنى چىڭ قۇچاقلىدى.

جېنىنى ئامالسىز ئەھۋالنى دەۋەتتى:

— سىزدىن ئىجاتلىق تىلەپ كەلدىم. ئاكام گۇندىخانىغا سولىنىپ قالدى، ئون دوللار پۇل بولغان

بولىسىلا، ئۇنى ياندۇرۇپ ئاچىقىۋالغان بولار ئىدۇق.

— ئاھ، بىچارە قوزام، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە، مېنى قاچانلا ئىزدىسىڭىز بولىدۇ، ھەر ۋاقىت ياردەمگە تەييارمەن، دېگەنتىمغۇ، تىت ـ تىت بولۇۋەرمەڭ، قانداق ئىش بولسا ھەل بولىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تەسەللىي بې- رىپ، بىر تەرەپتىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

— جىننى، — دېدى ئۇ، — ئاكىڭىزنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، يېرىم سائەتكە قالماي ئۇنى ياندۇرۇپ چىقىمەن، سىز بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

براند رايونلۇق تۈرمىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئوبدان تونۇشاتتى. مۇشۇ دېلونى ئىشلىگەن سوتچى بىلەنمۇ تونۇشاتتى. ئۇ ئۇ يەرگە ئون دوللارنى تاپشۇرۇپلا، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن جىننىنىڭ ئاكىسى قويۇپ بېرىلدى.

ئىنسان ئۆز ھاياتىدا بىرنەچچە قېتىم مۇھىم پەيتكە دۇچ كېلىدۇ. مانا براندنى ئالساق، ئۇنىڭغا ئاياد- كى، ئۇ جىننى بىلەن توي قىلسا، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلىك دۇن- يادىكى جامائەت پىكرى مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپ- لەشتۈرۈۋېتىدۇ، ناۋادا ئۇ جىننىنى ئەمرىگە ئالسا كىشىلەر نېمىلەرنى دېيىشىپ كېتەر؟

ئۇ شۇ خىياللارنى سۈرۈپ بىر بېسىپ ـ ئىككى

بېسىپ مېھمانخانىغا — جېنىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى— دە، ئۇنىڭ رەت قىلغىلى بولمايدىغان گۈزەل جامالىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدى.

— خوش، — دېدى براند ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — ئاكىمىزنى قۇتقۇزۇپ چىقتىم، خاتىرجەم بولۇڭ.

جېننى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق يېشى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

براند ئۇنىڭغا قاراپ چامدىدى، قىزنى باغرىغا بېسىپ، ئىختىيارسىز سۆيۈپ كەتتى.

براند جېنىنىنىڭ ماڭار چېغىدا يەنە ئۇنىڭغا شۇلارنى دېدى:

— جېننى، ھەرگىز تىت- تىت بولماڭ. مەن ھامىنى سىز بىلەن توي قىلىمەن. مەن ھېسسىياتىمنى زادىلا بېسىۋالالماي قالدىم. مەن ۋاشىنگتونغا بېرىپ كېلەي، ئاندىن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن، سىز مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئادەم. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز ئەمدى ماڭا تەئەللۇق، — دەپ بولۇپ، يانچۇقىدىن يۈز دوللار چىقىرىپ جېنىنىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى بارى- يوقى شۇلا ئىدى.

جېننى قاراڭغۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېتىپ، براندنىڭ ھەربىر ئىغىز سۆزى ئۈستىدە تۈگىمەس خىياللارنى سۈرەتتى: «ئۇ ئۆزى بىلەن توي قىلماقچى بولدى. ئەمدى ئۇ يىراقلارغا كېتىدۇ، ئاتا- ئانىسى ۋە

ئىنى ـ سىڭىللىرىدىن ئايرىلىدۇ، ئائىلىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ....»

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، جېنني گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خاراموش ھالەتتە يۈردى. ھېلىقى كومېدىيىگە ئوخشاش ئىشنى خىيال ئېكرانىدىن قايتا ـ قايتا ئۆتكۈزۈپ چىقتى. براند كې-تىپلا، ئەتىسى بىرەيلەندىن تۆت يۈز دوللار ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ خېتىدە، ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتونغا بېرىپ بول-غانلىقىنى، بىراق يەنە قايتىپ كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، توي قىلىدىغانلىقىنى ھەم ياخشى كۆنلەرنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىنى يازغانىدى.

جېنني ھەر كۈنى براندنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى.

ھەقىقەتەن، بۇ مەزگىلدە براند شادىيانە ھېسلار ئىچىدە زۇڭتۇڭنىڭ ھۇزۇرىدا بولدى. تەلىيى تەتۈر كېلىپ، يامان سۇپەتلىك كېزىك كېسەللىكىگە گى-رىپتار بولدى. كېيىن يۈرەك پالەچلىنىش كېسەللىكى جېنىغا سانجىلىپ، ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر كۈنى كەچتە، جېننىنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا بىر پارچە گېزىتنى كۆرسەتتى.

— بۇنىڭغا قارا، جېنني، — دېدى ئۇ ئازابلانغان ھالدا، — براند ۋاپات بوپتۇ.

ئۇنىڭ قولىدىكى گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى

باش ستونغا مۇنۇ خەتلەر بېسىلغانىدى:

*«سابىق كېڭەش ئەزاسى براند جانابلىرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇمىئونىڭ داڭدار ئەربابى يۈرەك پالەچلىنىش كېسەللىكى بىلەن ۋاشىنگتوندىكى ئاللىنگتون دوختۇرخانىسىدا جان ئۈزدى...»*

جېنىنى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە:

— ئۇ تۇگەپ كېتىپتۇ! ۋاپات بوپتۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

## 3

جېنىنى ۋۇجۇدىدىكى تىترەكنى باسالمىغان هالدا، گېزىتنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ ياندىكى هۇجرىغا كىرىپ كەتتى. دېرىزە ئالدىدا ئۆرە تۇرغان پېتى ئۇنى يەنە بىر مەرتەم ئوقۇپ چىقتى. بىر خىل ۋەهىمە تۇيغۇسى ئۇنى مۇگدەتكەندەك بولدى.

يان ئۆيدە ئاكىسى دادىسىغا بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردى. بىر پەستىن كېيىن، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بوۋاينىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بىلەن ئېيتىشىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇ ئۆز هېسسىياتىنى ئاشكارىلاشتىن ئېهتىيات قىلدى.

گېرخاردتىنىڭ ئايالى جېنىنىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— نېمىدېگەن پالاكەتچىلىك! — دېدى ئۇ ئىچ -

ئىچىدىن قايغۇرۇپ، — ئەجەب بىر ئىش بولدىغۇ بۇ، ئۇ ساگا، بىزگە قولىدىن كېلىشىچە ئاتىدارچىلىق قىلـ ماقچى بولغان چېغىدا ئۆلۈپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، ئامال قانچە؟

جېنىنى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، قېتىپ قالـ غاندەك تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەختىدىن قايغۇراتتى. ئۇـ نىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىد زەنجىرى ئۈزۈلگەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە جېنىنى ئۆز ئەھۋالى ئۈستىدە خىيال سۈردى. ئۇنىڭ پۇلى بار، ئەمما دوستى يوق، تەجرىبىسى يوق، بارىدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، خۇپىيانە يىغلايتتى.

جېنىنىنىڭ بۇ خىل كەيپىياتى ئانىسىنىڭ دىققەت نەزەرىدىن خالىي بولالمىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېـ يىن، قىزىدىن ئوچۇق گەپ ئېلىش قارارىغا كەلدى.

— ماگا ھازىر ئۆزۈڭنىڭ خىيالىدىكىنى ئېيتىپ بەر، — دېدى ئۇ، — سەن بىلەن كېڭەش پالاتا ئەزاسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنىدى.

ئانىسى بۇنداق سوراۋەرگەندىن كېيىن، جېنىنى ناـ ھايەت ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئىشنى دەۋەتتى.

ئانىسى گەپىنىڭ تېگىگە يېتىپ، قورققىنىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

—بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمدىن كەتكەن، مېنىڭ

بىخەستەلىكىمدىن بولغان ئىش، — جېنىنى شۇنداق دې-
دىيۇ، ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن داداڭدىن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى گېرخار-
دىتنىڭ ئايالى، — ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغىنى ماڭا قا-
راڭغۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، گېرخاردىتنىڭ ئايالى ئۇ ئىشنىڭ
بارغانسېرى جىددىي تۈس ئېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ،
مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئىشنى ئەمدى كەينىگە
سۆرەۋەرمەي دېگەن پىكىرگە كېلىپ، ئېرىگە راست
گەپنى قىلىشقا باشلىدى:

— قارىماسىز، جېنىنىڭ ئىشى چاتاق، مەن نېمە
قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم، ئۇ...

گېرخاردىت بىر قۇلۇپنى ئوڭشىغىلى تۇتۇنغانىدى،
بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

گېرخاردىتنىڭ ئايالى ساراسىمە ئىچىدە:

— ئۇنىڭ بۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ قېلىشىنى زادىلا
ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەجەبمۇ ياخشى بالا ئىدى ئۇ، ئۇنىڭ
قىزىمىزنى نابۇت قىلىدىغانلىقى خىيالىمىغىمۇ كىرىپ
چىقمىغانىدى، — دېدى.

— خوپ بولدىمۇ ئەمدى! — گېرخاردىت غەزىپىنى
باسالماي ۋارقىرىۋەتتى، — مۇشۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا
پەرەز قىلغانىدىم! براند، تۇفىي! يا پەرۋەردىگار!

بۇنى كۆرگەن ئانا ئالاقزادىلىك بىلەن چۈشەندۈردى:

— ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، قىزىمىز بىلەن توي قىلاتتى.

— ھۇ، يۈزسىز مۇناپىق! — دەپ تىللىدى ئۇ غەزەپتىن خۇدىنى يوقىتىپ، — شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش قاچان يۈز بەرگەنىكەن؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، — قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئايالى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، — مەنمۇ بايىلا ئۇقتۇم، — دېدى.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن! — دېدى ئېرى خاپىلىقتا شىرغا ئوخشاش ھۆركىرەپ، — سەن ھەممىشىلا ئۇنىڭغا چاپان ياپىسەن. ئۇنىڭ ھازىر مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قال-غىنىمۇ پۈتۈنلەي سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولدى. ئوغلۇم بولغان ئادەم سولاقخانىدا يېتىپ يۈرسە، قىزىم كوچى-لاردا لاغايلاپ يۈرسە، يا پەرۋەردىگار، زادى نېمە قىلغان بولغىيتتىم. سەن مۇشۇ بالا ـ قازانىڭ يىلتىزى، ئۇ ئەمدى جالاپ بولۇپ كەتتى، ئۇ جالاپ بولمىدىمۇ ـ يا! ئۇ ھامان سولاققا چۈشىدۇ! مەن ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، ئۇنىڭ ئەمدى ئۆيۈمدە تۇرۇۋېرىشىگە يول قويمايمەن! ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بوسۇغامغا قەدەم باسقۇچى بولمىسۇن!

سائەت بەش بولغاندا جېننى قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆڭلى گويا بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلەرنى

سەزگەندەك ئارامىدا ئەمەس ئىدى.

— كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما! — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن، — يوقال كۆزۈمدىن، قاراڭنى كۆرگۈچى بولماي!

جېنىنى يۈزى تاتارغان، تىترەك باسقان هالدا ئۇنىڭ ئالدىدا زۇۋان سۈرمەي تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن ئۇكىلىرى قورقىنىدىن بىر بۇلۇڭغا كىرىپلا كېتىشتى.

جېنىنى لام - جىم دېمەي ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سومكىسىغا سېلىشقا باشلىدى.

سائەت ئالتە بولغاندا باس قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشكەن قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى.

— ئۇ جېنىنىنى ئۆيدىن هەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى، — دېدى ئانىسى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — باس چۆچۈپ چەكچىيىپلا قالدى.

— مەن ساڭا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى دەپ بېرەيمۇ؟ — دېدى گېرخاردىت تېخىمۇ دەرغەزەپكە كېلىپ، — ئۇ دېگەن بىر جالاپ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن. ئۇ هە دېسىلا كوچىدىن كىرمەي، ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش چوڭ ئادەمنىڭ، هە، دادا يوللۇق بىر ئادەمنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا

ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ. مەن ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتى-مەن!

باس ئەسلىدىنلا سىڭىللىرىنى ھىمايە قىلاتتى، ھازىر قىز بالىنى كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىدىغان چاغ ئەمەسقۇ، — دېدى ئۇ جىنىنىنى قانات ئاستىغا ئې-لىپ، — ئۇ ئەتىگەنلىككە چىقىپ كەتسە بولمىدىمۇ؟

— بولمايدۇ، ھازىر كەتسۇن! — دېدى گېرخاردىت كەسكىن تەلەپپۇزدا.

— ئەمما ئۇنى نەگە بارسۇن دەيسەن؟ — دەپ كىرد-ىشىپلا قالدى باس.

— نەگە بارسا بارسۇن، — دېدى گېرخاردىت گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا جىنىنى نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇ-رۇپ بولغانىدى. ئانىسى جىنىنىغا بىرەر كىشىنىڭ ئۆ-يىنى ئىجارىگە ئېلىپ يېتىپ تۇرۇشنى جېكىلىدى ھەمدە باسنى چاقىرىپ، جىنىنىنى ئۇزىتىپ قويۇشنى ۋە سىڭلىسىغا تەسەللى بېرىشنى تاپىلىدى. باشقا ئىشلارنى كېيىن كۆرۈشكەندە مەسلىھەتلىشەرمىز، دېدى.

جىنىنى يول ئالغىنىدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەشۋىش تولغانىدى، چۈنكى ئۇ بىر شەپقەتسىز جازاغا ئۇچراۋاتىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇ ئانىسىنى سۆيۈپ خوشلىشىۋاتقىنىدا، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى توختى-تىۋالالماي قالدى، ئاندىن شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ،

بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىپ كەتتى ــ دە، زۇلمەتلىك ھايا-
تىنى باشلىدى.

جېنىنى ئۆيدىن چىقىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭا ــ
ماڭمايلا، باش قەدەم بېسىپ يېتىپ كەلدى.

ــــ ماڭايلى، ــــ دېدى ئۇ، ــــ مەن ساڭا ئۆي تېپىپ
بېرەي.

ئۇ جېنىنىنى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا باشلاپ كەلدى. ئۇ
يەردە بۇلارنى تونۇيدىغان بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئۇ-
دۇللا بىر موماينىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ باردى، باش موماي-
نىڭ ھال ــ كۇنى ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئىجارىگە
بېرىدىغان ئۆيى بارلىقىنى بىلەتتى.

ــــ ئۆيىڭىزنى سىڭلىمغا ئىجارىگە بەرگەن بولسى-
ڭىز، بىز كۆچۈپ كەتمەكچى ئىدۇق، ئۇ ھازىرچە بىز
بىلەن بارالمايدۇ. ئۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسا، ــــ دېدى
باش مومايغا بىمالال ھالدا.

موماي ماقۇللۇق بىلدۈرۈۋىدى، جېنىنىڭ كۆڭلى
جايىغا چۈشۈپ قالدى.

ــــ ئەمدى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىساڭمۇ بولى-
دۇ، ــــ دېدى سىڭلىسى ئۇچۇن كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقان
باش، ــــ بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاپام ماڭا سېنى
تىت ــ تىت بولمىسۇن، دەپ قوي، دەپ جېكىلىدى. ئەتە
دادام چىقىپ كەتكەندە ئۆيگە بارغىن، كېيىنكى ئىشلار
ئۈستىدە مەسلىھەتلىشەرمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن باش

موماي بىلەن جىننىنىڭ تۇرمۇشى ئۈستىدە سۆزلەشتى.

جىننى بۇ يات تۇرالغۇغا مەھكۇم قىلىنغىنى ئۇ-چۇن ئىچ ـ ئىچىدىن مەيۇسلەندى. ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ھەم قورقىدى-نىدىن، ھەم نومۇس قىلغىنىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدى.

گىرخاردىت ھېلىھەم شۇنداق غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ كېلەر ھەپتە ئىشتىن بوشىنىپ، يانسى بازىرىغا كېتىشنى قارار قىلدى. دېمەك، ئۇ بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەيلى قەيەر بولسۇن، كولۇمبودىن ياخشىراق، كولۇمبودا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمەن دېگەن ئويغا كەلدى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گىرخاردىت راستىنلا كېتىپ قالدى.

باسمۇ جىننىنىڭ پاراكەندىچىلىكى يەنىلا تۈگى-مەيدۇ، كولۇمبودا تۇرۇۋېرىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خىيالغا كەلدى. ئۇ كلېۋېلاند دېگەن يەردە سانائەت راسا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ بىر تەلەي سىناپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەگەر ئىش ئوڭغا تارتىپ قالسا، ئانىسى، جىننى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ كەتسە بولىدىغۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، كلېۋېلاندقا كەتتى.

جىننى يەككە ـ يېگانە ياشايتتى. ئۇ بىر ياقتىن

ئائىلە ئىشلىرى بىلەن پايپېتەك بولسا، يەنە بىر ياقتىن قىلچە زارلانماي، سەۋرچانلىق بىلەن كۆتمەكتە ئىدى.

جېنىنىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ يېشىدىن قارىغاندا كىچىك بالا، فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتىن قارىغاندا يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە ئايال. نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قىياس قىلىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. جېنىنى ئانا بولىدىغان بولدى. ئۇ پەقەت تورمۇش يول قويسىلا، بۇ بالىنى ئەزىزلەيدىغان، ياخشى ئانا بولىدىغان ھېسسىياتتا ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي جېنىنى ئوغۇشلۇق يەڭگىدى، يېڭىدىن دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان بۇ جاننىڭ «ئىگە» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا، جېنىنىنىڭ ۋۇجۇدى كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن تولدى. بۇ مەسۇمە ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى ــ دە! بوۋاقنى يۇيۇپ، زاكىلاپ بولغاندىن كېيىن، جېنىنى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىۋىدى، قەلبىنى قانائەت ھەم شادلىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى، بۇ ئۇنىڭ بالىسى، ئوماققىنە قىزچىقى ئىدى. ئۇ مۇشۇ بالىنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن قەتئىي ھايات قېلىشى، ئىشلىشى كېرەك.

چوڭ خەۋپ ــ خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، تورمۇش يەنە ئىلگىرىكى ئىزىغا چۈشتى. گېرخاردتنىڭ ئائىلى قولۇم ــ قوشنىلىرىدىن بەك ئەنسىرىگەنىدى، ئەمەلىيەتتە مۇ ئۇلار ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ بولۇشتى.

باس كلېۋېلاندقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر تاماكا

زاۋۇتىدىن ئىش تاپتى. ئۇ ئۆيدىكىلەرگە خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ خەت ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، جېننى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن هامان ئۇ يەرگە بېرىشى كېرەككەن، ئۇنىڭغىمۇ ئىش تاپقىلى بولىدىكەن.

بۇ سۆزلەرنىڭ جېننىنىڭ پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا بولغان ئۈنۈمى ئادەتتىن تاشقىرى بولدى. گېرخاردتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالى كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇ ئائىلىسىگە يازغان خېتىدە، ئۆزىنىڭ هازىرقى ئىش ئورنىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ناۋادا باس ئۇلارغا بىرەر نىجاتلىق تاپقان بولسا، ئۇلارنىڭ بېرىشىغا قو-شۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ بۇ پىلاننى ئۇن-تىنسىز ئېتىراپ قىلىشىدىكى سەۋەب ئاددىيلا، چۈنكى ئۇ ئائىلىسىنى بېقىشى ھەم قەرزلى يېقىنلىشىپ قال-غان قەرزنى قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ھەر ھەپتىدە پوچتا ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىپ، ئەرلىك، دادىلىق مەسئۇ-لىيىتىنى بولسىمۇ ئادا قىلىپ تۇردى.

جېننى ئاكىسىنىڭ قېشىغا بېرىش قارارىغا كەلدى، جېننى يولغا چىقىدىغان كۈنى پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى هاياجاندا ئولتۇرالماي قالدى.

— سەن بىزنى ئالغىلى قاچان كېلىسەن؟ — دەيتتى ئىنىسى يېنىش-يېنىشلاپ.

— مەن كلېۋېلاندقا بارىمەن، كلېۋېلاندقا بارد-مەن، — سىڭلىسى ئۆزىچە مۇشۇنداق غىڭشىپ ناخشا

ئېيتىپ يۈرەتتى.

جېنىنى ماشار چېغىدا ئېگىشىپ بالىسى بىلەن خەيرلەشتى ـ دە، «ئۇ ئوبدان بالا بولارمۇ؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى شىۋىرلاپ قويدى.

گېرخاردتىنىڭ ئايالى قىزىنىڭ چىدىمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، شۇئان:

— ئو...ھوي، كۆڭلۈڭنى بۇزمىساڭچۇ، — دېدى ئۇ قىزىنى بەزلەپ، — ئۇ مېنىڭ قېشىمدا بولغاندىكىن، خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى قارايمەن.

جېنىنى بېشىنى كۆتۈردى، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، پەرىشان ھالدا بالىنى ئانىسىغا بەردى.

## 4

باس جېنىنى بىلەن كلېۋېلاندتىكى ئاپتوموبىل توختاش مەيدانىدا ئۇچراشتى. كۆرۈشۈپلا، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغىنىمىز ساڭا ئىش ئىزدەش، قانداق ئىش بولسا ئىشلەپ تۇرايلى، قانداق ئىش بولسا بولۇۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ جېنىنىغا.

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى جېنىنى ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن مەستخۇش بولغان ھالدا، مەنمۇ

ئىش تېپىپ ئىشلىمەكچى.

ئەينى چاغدىكى تەرەققىي قىلغان باشقا شەھەرلەر- دىكىگە ئوخشاش، كلىۋېلاندتىمۇ ئىش ئىزدەپ يۈرگەن كىشى ساماندەك ئىدى. جىننى كەلگەن كۈنىلا ئىش ئىزدەشكە كىرىشتىيۇ، ئەمما ئىرىشكىنى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان تەسىرات بولدى. ئۇ نۇرغۇن جايلارغا بارغان بولسىمۇ، كىشىلەرگە ئادەم لازىم بولمىغاچقا، سالپىيىپ قايتىپ كەلدى.

ئاخىر ئۇ ئوككىلى يولىدىكى بىر كاتتا قەسىرگە كەلدى. بۇ يەردىكى ئايال خوجايىنىنىڭ ئىسمى لېئانچو خانىم ئىكەن. ئۇ چىراي ـ شەكلى قاملاشقان، كونا زا- مانىنىڭ ئاياللىرى سىياقىدىكى ئايال ئىدى. ئۇ جىننىنى بىر قاراپلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ جىننى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى چۆرىلىككە ئېلىپ ئىش- لەتمەكچى بولدى. مائاشىغا ھەر ھەپتىدە تۆت دوللار بېرىدىغان بولدى.

لېئانچو خانىم جىننىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئىشقا چۈشۈشكە ئىجازەت بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا نەپىس ئىش- لەنگەن باشنىڭ، پەرتۇق بەردى، يەنە ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىش توغرۇلۇق بىردەم كۆرسەتمە بەردى.

ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ساھىبەسىنى كۈتۈش، تۇرمۇشقا ئائىت ئىشلارنى قىلىپ بېرىش بولدى.

باسنىڭ پىكرى بويىچە جىننى ئانىسىغا

كلىۋېلاندقا كېلىپ مۇشۇ يەردە تۇرۇش توغرىسىدا خەت يازدى.

ئانىسىمۇ كەلدى، جېنىنىنىڭ خۇشال چېھرىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. باس مۇۋاپىق بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. يەنە بىر قىسىم ئۆي سەرەمجانلىرىنى سېتىۋالدى، شۇنداق قىلىپ يېڭى ئائىلە بەرپا قىلىندى.

جېنىنى لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىدە ياللىنىپ ئىشلىگەن مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭغا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. بۇ كاتتا ئائىلە جېنىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن بىر مەكتەپ ئىدى. لېئانچو خانىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى تەكىتلەپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى:

—كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن بىر مەيدان كۈرەش دېگەنلىكتۇ، ناۋادا سىز بىرنېمىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، كۈرەش قىلىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، گېرخاردىتتىن مىلاد بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ ئۆيگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە خەت كەلدى. ئۇ كلىۋېلاندقا كېلىپ، يېڭى ئائىلىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش خىيالىغا كەپتۇ.

گېرخاردىتنىڭ ئايالى ئېرى كەلسە بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ چىقىشىدىن ۋايىم يەپ، جېنىنى ۋە باس بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— ئەنسىرىمىگىن، — دېدى باس، — ئۇ ھېچقانداق قىلالمايدۇ. ئەگەر جېدەل چىقارسا، ئۇنىڭغا مەن گەپ قىلىمەن.

گېرخاردىت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ھەرھالدا ئۇ-نىڭ ئايالى قورقۇپ كەتكۈدەك ئۇنچىلىك چاتاقمۇ چىق-مىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان ئوماق بوۋاقنى كۆرۈپ، خۇپسەنلىككە سېلىپ:

— ئاۋۇ كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سورىدى.

— جېننىنىڭ، — ئايالى ئاران-ئارانلا جاۋاب بەردى.

— ئۇمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېتىپتۇ-دە، — دېدى بو-ۋاي جېننىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا ئېلىشنى خالىماي، كەمسىتىش ئاھاڭىدا.

— ئۇ ھازىر خەقلەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتىدۇ، — دې-دى ئايالى يېلىنىش ئاھاڭىدا، — ئۇنىڭ بارىدىغان باشقا يېرى يوق، ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىڭا.

ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گېرخاردىتنىڭ ئوي-پىكرى ئاستا-ئاستا يورۇشقا باشلىغان، ئۇ دۇئا-تىلاۋەت قىلغان چېغىدا، ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا قىزىغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى جېننى ئۆيگە قايتىپ، دادىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىيۇ، شۇئان ئىنتايىن

جىددىيلىشىپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ تەكرار مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئۇ گېرخاردىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دادا، — دېدىيۇ، ئۇنىڭ ئاغزىغا شۇنىڭدىن باشقا گەپ كەلمەي قالدى.

— ھە، — دەپلا قويدى بوۋاي.

— مېنى ئەپۇ قىلامسىز، دادا.

قىزىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گېرخاردىتنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قالدى بولغاي:

— سېنى ئەپۇ قىلدىم، — دېدى جىددىي تەرزدە.

بۇ بىر قېتىملىق سوغۇق كۆرۈشۈش بولدى.

گېرخاردىت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بالىنىڭ ئىشىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۈرۈشتۈردى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ بالىغا بوۋىلىق مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئايالىدىن:

— بالىنى چوقۇندۇردۇڭلارمۇ، — دەپ سورىدى.

— ياق، تېخى چوقۇندۇرمىغان، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. گەرچە بۇ مەزلۇم بۇ مەجبۇرىيەتنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ بالا چېركاۋنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەمدۇ - يوق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى. چۈنكى، قائىدە بويىچە بالىنى چوقۇندۇرغاندا بىرەر پوپنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىپ تاللاش، چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە بالىنىڭ قانۇنلۇق دادىسى پاكىت بولۇشى كېرەك ئىدى.

— بالىغا ئىسىم قويغانمۇ؟ — بوۋاي يەنە سورىدى.

بۇ توغرۇلۇق جىننى بىلەن ئانىسى ئاللىبۇرۇنلا دېيىشكەن، جىننى بوۋاققا «ۋىستا» دېگەن ئىسىمنى قويۇش ئويى بارلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ پىكرى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— ۋىستا دېگەن ئىسىم بولامدۇ؟

گېرخاردىت بۇنى ئاڭلاپ، يا بولىدۇ، يا بولمايدۇ، دېمىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇنلا ئويلىغانىدى. ئۆز خىيالىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ۋىلھېلمىنا بولسا قانداق؟

ئايالى ئېرىنىڭ بالىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مادارا قىلىپ:

— ئەمىسە ئىككىلا ئىسىمنى قويايلى، ھەر ئىككىسى بولىدىغان ئىسىم ئىكەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ جىننىنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى ۋىلھېلمىنا ۋىستا قىلىپ بېكىتىلدى.

گېرخاردىت ئۆيىدە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى، مۇشۇ كۈنلەردە جىننى بىلەن روبىرو بولۇشتىن خىجىل بولۇپ، كۆرمىگەنگە سېلىپ يۈردى. كېيىن ماڭار چېغىدا، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپمۇ قويماي، ئايالىغا: «مېنىڭ ئۈچۈن خوش دەپ قويارسىز» دەپلا كېتىپ قالدى. بىراق ئۆكۈنۈپ، «ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ ماڭغان بولسامچۇ، ئىسىت»

دەپقالدى ئۇ پويىز گۈلدۈرلەپ ماڭغاندا.

بۇ كەملەردە بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسەن مۇقىملاشتى. جېيننى لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىدە شۇ ئىشلىگىنىچە ئىشلەپ كەتتى. باس تاماكا دۇكىنىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئىككىنچى ئوغلى گېئورگىمۇ ئىش تاپتى، ھەپتىلىك ئىش ھەققى ئۈچ يېرىم دوللارغا ئۆستى. بىر ئائىلە كىشىلىرى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. كۆمۈر، ياغ، تۇز، ئاشلىق، ئۇستىۋاش ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىسى ئىدى. ھەممەيلەن تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى.

جېيننى سەزگۈر ئايال، ئۇنىڭ خاۋاتىرلىنىۋاتقىنى — ئۆزىنىڭ نجاتلىق مەسىلىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىگە: «مېنى كىممۇ ئالار؟ ۋىستانى قانداق قىلىمەن؟» دېگەن سوئاللارنى قويۇپ قالاتتى. بۇلار ئۇنىڭ بېشىنى راسا قاتۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ ياش ھەم ئۇز، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشقىۋازلىق قىلغۇسى ياكى ساقال تاشلىغۇسى كېلىدۇ. لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان ئەر مېھمانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇلاردىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭغا تېتىقسىز چاقچاق قىلغانمۇ بولدى.

— سۆيۈملۈكۈم، سىز قالتىس چىرايلىق ئىكەنسىزغۇ، — بۇ گەپنى ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە ساھىبەسىنىڭ گېپىنى ئېيتىپ قويغىلى مېھمان ياتقان

ھۆجرىغا كىرگەندە، 50 ياشلاردىن ھالقىغان بىر قېرى ساياق ئېيتتى. ئۇ تېخى جېننىنىڭ ئېغىكىنى تۇتماق-چى بولۇپ قولىنى ئۇزاتقانىدى، جېننى ئىتتىكلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

بىر كۈنى ساھىبەسىنىڭ ئۆيىگە رېستوگان ئىسىملىك بىر مېھمان كەلدى، ئۇ ئاپتوموبىل چاقى سودىگىرىنىڭ ئوغلى ئىدى. . ئۇنىڭ ئاتىسى مەملىكەت ئىچىدە خېلى نام-ئاتىقى بار ئادەم ئىدى. ئۇ لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىگە پات-پات مېھمان بولۇپ كېلەتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا لېئانچو خانىم بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئىدى.

ئۇ قارىماققا 35 ـ 36 ياشلارغا كىرگەن، ئوتتۇرا بوي، چىراي-شەكلى قاملاشقان، غەيۇر ۋە زەربەردەست ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ۋەزمىن ھەم ياڭراق ئىدى. يىراقراق جايدا تۇرۇۋاتقان جېننى بۇ كىشىنىڭ تەقى-تۇرقىدا ماگنىتقا ئوخشاش بىر خىل سېھرىي كۈچنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ گويا بىر ھەقىقىي شەخس پەيدا بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولدى.

جېننى يەنە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى، بىراق باياتىنقى تەسىراتتىن ھېچ خالىي بولالمايلا قالدى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى—رېستوگان ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا يېنىش-يېنىش گەۋدىلەندى. ئۇ كىشىگە ھېلىدىن-ھېلىغا ئوغرىلىقچە كۆز سېلىپ، ئۆزىدە بۇ ئەركەككە قىزىقىش

تۇغۇلغانلىقىنى سېزەتتى. بۇنداق تۇيغۇ ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانىدى.

بىر قېتىم ئۇ ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ ئۆزىگە قاراۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى، يەنە بىر قېتىم ئۇ كىشى جېنىنىغا گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، جېننى ئۆزىنى ئىش بىلەن بەند قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىتتىك نېرى كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلسىلا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان نەزەرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا، ئالاقىزادىلىكتىن خالىي بولالمايلا قالدى.

ئەمەلىيەتتە، رېستوگان بايلىق، تەربىيەت، مەرتىۋە جەھەتتە جېنىنىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى، باشقا ئەركەكلەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ جېنىنىغا رام بولۇپ قالغان يېرى — جېنىنىنىڭ ئاجايىپ سۈلكەتلىك تەبىئىتى ۋە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئاياللىق خۇسۇسىيىتى ئىدى. ئۇنىڭ لەپ ـ لەپ قىلىپ بېقىشلىرى ئۇنىڭ سۆيگۈگە باي ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر رېستوغا بۇ قىزغا يېقىنلاشسا بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

رېستو كلىۋېلاندتا نەچچە كۈن تۇرۇپلا كېتىپ قالدى. ئۇ نەچچە ھەپتىدىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ لېبئانچو خانىمغا: تىجارەت ئىشى بىلەن يەنە كېلىشكە توغرا كېلىپ قالدى، دەپ چۈشەنچە بېرىپ

قويدى. بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، جېنىنىغا ئاچ كۆز-
لەرچە قاراپ قويۇۋىدى، جېنىنىغا ئۇنىڭ بۇ كېلىشىدىكى
مۇددىئاسىنىڭ گويا ئۆزى بىلەن ئالاقىسى باردەك تۇ-
يۇلدى.

ئۇ كىشى بۇ دورەم كەلگەندىن كېيىن، جېنىنىغا
ئۇنى كۆرۈشنىڭ پۇرسىتى تېپىلىپلا تۇردى. بىر قې-
تىمقىسى ئەتىگەنلىك غىزا ۋاقتى ئىدى. چۈنكى، بەزى
چاغلاردا ناشتىلىق غىزانى ئۇستەلگە جېننى ئەكىلەتتى.
ئىككىنچى قېتىمقىسى زىياپەت بېرىلگەن چاغ ئىدى،
ئۇستەلدە ئولتۇرغان مېھماننى جېننى ھۇجرىدا تۇرۇپ
بىمالال كۆرەلەيتتى.

بىر كۈنى جېننى ئىككىنچى قەۋەتتە پۇرۇچ ئىز-
دەۋېتىپ، زالدىلا ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇ
چاغدا ئۇستۈنكى قەۋەتتە مۇشۇ ئىككىيلەنلا قالغانىدى.

— مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم، — دېدى ئۇ.

— سىز قەيەردە ئولتۇرىسىز؟

—مەن...مەن،—جېننى كېكەچلەپ قالدى، يۈزى
شۇئان تاتىرىپ كەتتى، — روۋلېي كوچىسىدا ئولتۇرد-
مەن.

— نەچچىنچى قورۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ جېنىنىنى
جاۋاب بېرىشكە قىستىغان قىياپەتتە.

— 1314 ـ قورۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ خۇدىنى
يوقاتقاندەك بولۇپ.

— سىز ماڭا تەئەللۇقسىز، — دېدى ئۇ كە-شى، — سىزنى كۆرگىلى قانداق چاغدا بارسام بولىدۇ؟

— ۋاي، سىز ھەرگىز بارماڭ، ھەرگىز بارماڭ.

— كېيىمگە قولاق سېلىڭ، — ئۇ جىنىنىڭ بە-لىكىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئاستا ئۆزىگە تارت-تى، — مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم، سىزمۇ مېنى ياقتۇرامسىز؟ قېنى ئېيتىڭا؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەندى.

— سىز بىلەن كېيىن سۆزلىشەيلىچۇ، — ئۇ شۇن-داق دەپلا، ئۆكتەملىك بىلەن لەۋلىرىنى جىنىنىڭ لەۋلىرى ئۈستىگە باستى، ئاندىن گويا ھېچ ئىش بول-مىغاندەك زالدىن چىقىپ كەتتى.

5

بۇ قېتىم تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىش جىنىنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋەتتى، ئۇ خېلى ئۇزاقتا ئاران ئېسىگە كەلدى. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ ئۆزىگە شۇنداق سوئالنى قويات تى.

رېستوگان ئىلگىرى ھەر خىل ئاياللار بىلەن، بايلار بىلەنمۇ، كەمبەغەللەر بىلەنمۇ تونۇشۇپ باققان. ئەمما

ھېسداش، دىلبەر، ياش ھەم گۈزەل بولۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۆت خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. بۇ خىل غايە ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن مەھ. كەم ئورۇن ئالغان، ئۇ ئۆز غايىسىگە مۇناسىپ ئايالنى ئۇچرىتىپ قالغان ھامان، ئۇنى ئالىقىنىغا كىرگۈزۈشكە تەييار ئىدى. ئۇ ئويلايتتىكى، ناۋادا توي قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇنداق غايىۋى ئايالنى ئۆزىنىڭ تەبىقىسىدىن ئىزدەش كېرەك. ئەگەر ۋاقتىنچە كۆڭلىنى خۇش قى- لىپ يۈرمەكچى بولسا، قانداق يەردە ئۇچرىتىپ قېلىش- نىڭ كارى چاغلىق، ئۇ چاغدا توي قىلىش مەسىلىسىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرسىمۇ بولىدۇ.

ئون سەككىز ياشتىلا سودا تۇرمۇشىغا كىرىشىپ كەتكەن رېستو ئىشنى سەممىيلىك، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىدى. بارا ـ بارا دادىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ھازىر دادىسىنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى بولۇپ قالغانىدى.

— ئىش دېگەننى ئىشتەك قىلىش كېرەك، — ئۇ مۇشۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بۇنى ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنىڭ ۋە تەبىئىتىنىڭ ئىنىكاسى دېيسە بولاتتى.

جېنىي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە كەلسەك، دەسلەپتە ئۇنىڭ جېنىيغا يېقىنلىشىشتىكى مۇددىئاسى

تامامەن شەخسىيەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان بولسا، مانا ئەمدى جېنىنىنىڭ ئادەتتىكى ئاياللاردىن ئەمەسلىكى، ۋاقتىنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇق ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى.

رېستوگان ياشلىق دەۋرىدىكى مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ بولغان. ياشلىق دەۋرىدىكى ساددا، گۆدەك غايىلەردىن ئەمدى ئەسەر قالمىدى. ئۇ ئايال زا-تىنىڭ ھەمراھ بولۇشىدىن ئۆزىگە تەسەللى تېپىشقا موھتاج. ئەمدىلىكتە جېنىنىنىڭ تېپىلغۇسىز ئايال ئى-كەنلىكىگە ئىشەندى. جېنىنى ھەممە جەھەتتىن ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيتتى. ئۇ بۇنداق ئايالنى مۇتلەق ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى.

رېستو يۈز بېرىپ ئۆتكەن ئىشلارنى سوغۇق قانلىق بىلەن خىيالىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئۆزىچىلا، جېنىنى تۇرۇشلۇق ئەسكى كوچىغا بېرىپ، جېنىنى پا-ناھلىنىدىغان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئەسكى ئۆيىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. جېنىنىنىڭ كەمبەغەللىكى، نېرى-دىن - نېرى تەڭقىس شارائىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېرى-تىۋەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە جېنىنىنىڭ ساھىبجامالل-قىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى - دە، چوقۇم ئالىقىنىغا كىرگۈزۈۋېلىش قارارىغا كەلدى. مۇمكىن بولسا، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ئۇ مۇشۇنداق ئويلارغا غەرق بولغان ھالدا، روۋلىي كوچىسىدىن يېنىپ، لېئانچو

خانىمنىڭ ئۆيى تامان يۈرۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا جېننى غەيرىي ھەم مۇرەككەپ مەسىلە-لەرگە دۇچ كەلگەن كىشىلەردە بولىدىغانغا ئوخشاش بىر خىل ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە قالدى، ئۇنىڭ باياتىنقى قىلىقى نېمىسى؟ بۇ كىشى ناۋادا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلە-رىنى ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئالمايدۇ. بولۇپمۇ ئاشۇنداق سالاھىيەت ھەم مەرتىۋىگە ئىگە كىشى ئۆزىدەك بۇنداق ئايالنى چورت ئالمايدۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ باشتا قېچىپلا قۇتۇلماقچى بولغانىدى؟ ئەمما ئادرېسىنى ئۇ كىشىگە ئېيتىپ بېرىپ يامان قىلدى - ده، بۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۆزىگە ئۆزى جىق كايىدى.

رېستو دەرھال جېننى بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى. بۇ قىزنى ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا قايىل قىلمىسا ھېساب ئەمەس، بۇ قىز ئۇنى ياقتۇرۇپ قال-غانلىقىنى تەن ئالدىغۇ، نېمىلا بولمىسۇن بىر تەلەي سىناپ باقماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇ قىزغا ئاشىق-بىقارار ئىدى.

سائەت بەش يېرىم بولغاندا، ئۇ لېتانچو خانىمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. سائەت ئالتە بولغاندا بىر ئېپىنى تېپىپ، ئۇ قىزغا:

— بۈگۈن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەن. سىز بىرىنچى دوقمۇشتىن ئەگىلىدىغان جايدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

جېنىنى بۇ كىشىنىڭ سۆزىدىن مەجبۇرىي بۇيرۇق ئاھاڭىنى سېزىپ، ئىختىيارسىزلا «ماقۇل» دەۋەتتى.

سائەت سەككىزدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ جېنىنى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇ: «سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەن، پەيتۇن ئىچىدە سۆزلىشىش ئەپلىكرەك بولىدۇ» دېدى.

جېنىنى بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى رەت قىلمىشىنىڭ زادى ئامالى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپ ئولتۇردى.

— ماڭا قاراڭا، جېنىنى، سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى ئىدىم، — دېدى ئۇ، — ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

— مەن بۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى جېنىنى، ھودۇققىنىدىن ئۇنىڭ گەپلىرى قولاشمايلا قالدى، — بۇنداق قىلسام بولمايدۇ، سىز ئىچكى ئەھۋالنى بىلمەيسىز، بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، راستىتىنلا كۆرۈشەلمەيمەن.

— جېنىنى، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنى ئىچ - ئىچىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ئىككىمىز كېلىشىپ قالىمىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مېنى سەۋدايى قىلىپ قويدىڭىز، مەن ئۇچۇن سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ياق، ياق، دېدى جېنىنى يىغلىنىپ، — مەن بۇنداق

ئىشنى قىلالمايمەن. مەن خاتا ئىش قىلىپ قويسام بولمايدۇ، مەن ئىشلىشىم كېرەك. مېنى مۇندىن كېيىن ئىزدىمىسىڭىز. مېنى قويۇۋېتىڭ. مەن بۇ سۆزگە ھە-قىقەتەنمۇ ماقۇل دېيەلمەيمەن.

— ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا، جېننى، — دېدى رېستو گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، — دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئەينەكچىلىك قىلىدۇ.

— جېننى، گېپىمنى ئاڭلاڭ، سىز ماڭا تەئەللۇق، سىزگە قارىغانسېرى ئىچىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ، — شۇنداق دەپلا، جېننىنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى، رېستو ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈشكىمۇ ئۈلگۈردى.

— جېننى، — دېدى ئۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۈز-مەي، — سىز بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇشقا نېسىپ بول-مىغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، مەن سىزنى قولۇمدىن ھەرگىز چىقارمايمەن. مەن سىزنى ئەمدى خەقلەرگە ما-لايلىققا سېلىپ بەرمەيمەن، مەن سىزگە پۇل قالدۇرۇپ كەتمەكچىمەن، سىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك.

— ياق، ياق! — دەۋەردى ئۇ — ياق، مەن پۇل ئالمايمەن.

—بوپتۇ ئەمىسە، ماۋۇنى ئېلىپ تۇرۇڭ، — ئۇ سۆزلىگەچ، يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقاردى، — سىز مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز، ئومىقىم، بۇنى

ئىلمك.

بىرپەس ئىلمىشتىن كېيىن، جىنىنى بوشاپلا كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىق ياشقا تولدى. بىراق ئۇنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلمىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ يەنە ئۇلاپلا، بۈگۈن ئاخشام باشقا ئىشلارنى سۆزلەشمەيلى. ئۆيىڭىزگە يېتىپ كېلەي دەپ قالدۇق. مەن ئەتە كېتىمەن. ئەمما سىزنى كۆرگىلى يەنە كېلىمەن. چوقۇم كېلىمەن، جېنىم. ئەمدى نېيتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

بۇ قېتىمقى ئىنتايىن تەسىرلىك ئۇچرىشىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئا-خىرقى نەتىجە ئەمەسلىكى رېستوگان بىلەن جىنىنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئىش-نىڭ ئاخىرلىششى بولماستىن، پەقەت باشلىنىشىلا ئىدى. رېستو ئۆزىنىڭ بۇ ئوماق قىزغا قاتتىق ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇشلى-رى، قايتا ـ قايتا قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى، يېقىملىق تەلەپپۇزدا «ياق، ياق، ياق!» دېيىشلىرى ئۇنىڭغا گويا مۇزىكىدەك تەسىر قىلدى. قاراڭچۇ، بۇ قىز پەقەت رېستو ئۇچۇنلا يارالغان تۇرسا، ئۇ بۇ قىزنى ئىلكىگە كىرگۈزمەي قويامدۇ، مۇشۇنداق بىر نازىنىنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن؟

ئەمدى جېنىنىڭ گېپىگە كېلەيلى، ئىشتىكى چاتاقنى، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئاۋارىچىلىكنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيماقتا. جېننى براندنىڭ ئىشىنى رېستوغا تېخى ئېيتمىدى. چۈنكى، ئۇ ھېلىھەم بىر خىل خىيالىي تۇيغۇدا ياشىماقتا. ئۇ ئۆز خىيالىدا ئۇ-نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايمەن، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئاشۇنداق تىنچ تۇرمۇشنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈۋېرىمەن، بۇ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىمغا بېرىلگەن جازا، بۇنى ئۆزۈم-گە ئۆزۈم قىلغان، دەپ ئويلىدى.

رېستو ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۆي-دىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھۇجرىسىغا كى-رىپ جېنىغا تازا قاتۇرۇپ خەت يازدى. ئايغا بىر ھەپتە كېيىنكى چېسلانى يېزىپ قويدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بەك تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەنە ئاز دېگەندە ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە كلىۋېلاندقا قايتا بارالايتتى.

ئۇ جېنىغا ئەۋەتكەن خېتىدە شۇنداق يازدى:

*«قەدىرلىكىم جېننى:*

*سىز بىلەن خوشلاشقىنىمغا بىر ھەپتە بولدى. سىزگە تېخىچە خەت يازمىدىم. ئەمما سىز ھەردەم يادىمدا، ماڭا ئىشىنىڭ.*

*ئىلگىرى سىزدە يامان تەسىرات قالدۇرۇپ قويغان*

*بولسام كېرەك ـ ھە؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مىجەزىمنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىمەن. چۈنكى مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئومىقىم، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن.*

*ئۇستىلىمگە بىر تال گۈلنى قويۇپ قويدۇم. گۈلگە قارىسىڭلا كۆز ئالدىمغا كېلىسىز: ئاقپۇشماق، يۇمران، ئۆز، سىز مەن ئۇچراتقان جىمى گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى.*

*ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، مەن 18 ـ چېسلادا كلىۋېلاندقا بېرىپ سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتىمەن.*

*بۇ خېتىم بىلەن تۇمەنمىڭ سۆيگۈنى سىزگە ئەۋەتتىم.*

*رېستوگان»*

ئۇ خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ، كونۋېرت ئۇستىگە ئادرېسنى يازدى. «ئۇ ئاجايىپ بىر قىز ـ دە، — دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى ئۇ، — ئەلھەق شۇنداق.»

## 6

رېستو كېتىپ بىر ھەپتىگىچە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن، جېنىنى ياخشىراق ئويلىنىۋېلىشقا ئوبدانلا پۇرسەت چىققاندى، ئەمدى بۇ خەت كېلىۋېدى، ئۇنى يەنە كۈچلۈك ھاياجان

چۈلغىۋالدى.

ئۇنىڭ بۇ كىشىگە بولغان ھەقىقىي ھېسسىياتى زادى قانداق؟ ئۇ بۇ كىشىنىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەكمۇ ـ يوق، ئۇ بۇ كىشىگە نېمىلەرنى دېسە بولار؟ ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى، يەنە بالىسى بار. مۇشۇنداق خىياللاردىن كېيىن، ئۇ رېستوغا جاۋاب خەت يېزىپ ئۇنىڭغا جىمى ئىشنى ئوچۇق ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزد-نى يەنە ئاۋارە قىلىۋەرمەسلىكنى ئۆتۈنسەم يامىنى بول-ماس دېگەن ئويغا كەلدى، شۇنىسى ئۇ كىشى جېننىنىڭ رايىغا باقارمۇ؟

مۇشۇنداق ئىقرار قىلىش جېننى ئۈچۈن دېمىسىمۇ ئازابلىق ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇ ئارىسالدى بولۇپ، خەتنىڭ بېشىنى باشلا ـ باشلىمايلا ئۇنى يەنە يىرتىپ تاشلىدى.

دەل شۇ چاغدا جېننىنىڭ دادىسىدىن خەت كەلدى، خەتتە ئىشلەۋېتىپ قولىنى كۆيدۈرۈۋېلىپ ئېغىر يارد-لانغانلىقى، يېقىندا ئۆيىگە قايتىپ دەم ئالىدىغانلىقى يېزىلغانىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گېرخاردتىنىڭ ئايالى كۆزلىرىنى پولغا تىككىنىچە ئالاقزادىلىك ئىچىدە:

بۇ نېمە بولغىنى؟ قانداق قىلغۇلۇق؟ —دەپ نىدا قىلدى.

دادىسىنىڭ يارىسى سەۋەبلىك رىستونىڭ خىتىگە تېخى جاۋاب قايتۇرۇلمىغانىدى. ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟ ئۇ جېنىنىلارغا ياردەم قىلىشى مۇمكىن. ھېلىقى چاغدا ئۇ جېنىنىغا پۇل بىرىمەن دەپ كىرىشىپلا قالغان ئەمەسمىدى؟ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، جېنىنى ئاخىر ئۇنىڭغا خەت يېزىش قارارىغا كەلدى. خېتىدە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، لېكىن بىزنىڭ ئۆيگە كەلمىسىگىز، دەپ يازدى. بۇ خەتنى پوچتىدىن سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ۋەھىمە ۋە ئۈمىد ئارىلاش تۇيغۇ ئىلكىدە، ئۆز تەقدىرىگە باغلىق بولغان ئاشۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

جېنىنى خەتنى سالغاندىلا رىستو ئۆيىدىن قوزغىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، جېنىنىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالالمىدى. ئۇ كلىېۋېلاندقا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغاندەك، سارايدا جېنىنى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈمىدىدە بولغانىدى. بىراق ئۇنداق بولمىدى، بۇنىڭغا ئۇ بەكمۇ مەيۇسلەندى.

ئەتىسى ئۆزى بېكىتكەن كۆرۈشۈش ۋاقتىغا ئاساسەن مېھمان كۈتۈش زالىغا چۈشتى - دە، جېنىنىنىڭ ئۇ يەردە ئۇنى كۈتۈپ كرېسلودا ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ قەلبى ئالەمچە شادلىققا چۆمدى. دېمەك، جېنىنى سۆزىدە

بويۇن ئەگدى دېگەن گەپ. رېستو ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— مەن خەت يازغان، خەتنى بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال يازغاندىم، — دېدى جېننى گەپنى رۇسلاپ.

— ئۇنداقتا، خەت كېچىكىپ قاپتۇ. بالدۇرراق يازغان بولسىڭىزچۇ، بىلەمسىز، خېتىڭىزگە قانچە تەقەززا بولۇپ كەتكىنىمنى!

— بىراق چىرايىڭىز بۆلەكچىلا تۇرىدۇغۇ! — دېدى رېستو كۆڭۈل بۆلگەن هالدا، — سىزنى غەم بېسىۋال-غاندەك قىلىدۇ.

— دادام زاۋۇتتا زەخىملىنىپتۇ، پۈتۈن ئائىلە غەم-غۇسسىدە قالدۇق.

— تازىمۇ چاتاق بوپتۇ. هوي، بىز ئىچكىرى كىرىپ غىزالىنىۋالمايلىمۇ؟ — ئۇ سۆزلىگەچ، جېننىنى تاماق زالىغا باشلاپ ئەكىرىپ خالىي بىر ئۈستەلنى تاللاپ ئولتۇردى، ـ دە، — ئەمدى جېننى، — دېدى ئۇ، — ماڭا ئائىلىڭىزنىڭ ئەهۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەلەم-سىز؟

— سىز نېمىلەرنى بىلمەكچى؟ — دېدى جېننى ئاڭسىزلارچە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنى سورىسا بىرىگە جاۋاب بەردى، بىر هازا سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇ جېنىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسەن بىلىپ بولدى.

شۇ ئەسنادا ئۇ يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقىرىپ:

— ئەمدى ياردەم قىلىشىمغا يول قويۇڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ —دېدى ۋە بىرمۇنچە پۇلنى چىقىرىپ:

— مەڭ، ئېلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىڭىزدىكىلەرگە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقۇزمايمەن. قېنى، ئەكېلىڭا قولىڭىزنى.

— ۋىيەي، ياق، — دېدى جېننى، — ئۇنچىلىك كۆپ پۇل كېرەك ئەمەس ئىدى. ماڭا ھەممىسىنى بېرىۋەتمەڭ.

— ئېلىڭ، — دېدى رېستو، — ھەممىنى ئېلىڭ، قولۇمنى ياندۇرماڭ.

جېننى ئۇنىڭ بۇيرۇق ئېپادىسىگە بويسۇنۇپ، قولىنى ئۇزاتتى، ئۇ پۇلنى سىقىمداپ تۇرۇپ:

— سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولاركىن؟ — دېگىنىچە، مىننەتدارلىق يېشىنى تۆكتى.

— جېننى، — دېدى رېستو، — سىز هازىرقى ئىشنى قىلىشقا لايىق ئەمەسسىز، سىز تولىمۇ نازاكەتلىك قىزسىز. مەن بۇنداق ئىش قىلىشىڭىزغا قارشى، ئۇنىڭدىن بوشىنىپ، مەن بىلەن نيۇ يوركقا كېتىڭ.

مەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن. سىزنى ياخشى كۆرىمەن ھەم سىزگە موھتاجمەن. ئا-ئىلىڭىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇ توغرۇلۇق بۇنىڭدىن كېيىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— بۇغۇ تولىمۇ بەلەن گەپ بولدى، — دېدى جېن-نى، — بىراق مەن ئۆيدىن ئايرىلالمايمەن. دادام مېنىڭ نەگە بارىدىغىنىمنى سۈرۈشتە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلمەيمەن.

— سىز ئۇلارغا باھانە كۆرسىتىپ، لېئانچو خانىم بىلەن بىللە نيۇ يوركقا بارىدىكەنمەن دېسىڭىز بولمى-دىمۇ؟—دېدى ئۇ ئەقىل كۆرسىتىپ، بۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرماس.

جېننى بىر پەس شۇك بولۇپ قالدى. بۇ پىلانمۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ، دەپ ئويلىدىيۇ، كاللىسىدىن ئۇ-زىنىڭ تەقدىرى، ۋىستانى ئۆتكۈزدى. ۋىستانىڭ ئىشىنى بۇ كىشىگە دەپ قويىمايمۇ بولمايدۇ.

—سىز مېنى ھازىرلا مېڭىڭ دەۋاتمايدىغانسىز؟— دەپ سورىدى جېننى ھودۇققان ھالدا.

—شۇنداق، بالدۇر بولسا ئەتە، كېچىكسە ئۆگۈن مېڭىپ كېتىش كېرەك، — دېدى رېستو ئىشەنچ بىلەن قىلچە قارشى تۇرۇشقا يول بەرمەي، — مەن بىلەن نيۇ-يوركقا بېرىڭ، قالغان ئىشلارنىڭ چارىسىنى تاپىمىز.

بۇنداق ئۇشتۇمتۇت يولغا چىقىش باشتا قىيىن تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە قىيىنغا چۈشمىدى. جېيننى ئانىسىغا جىمى گەپنى ئېيتماقچى، دادىسىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماي، پەقەت لېئانچو خانىم بىللە ئاپارماقچى ئىكەن، دەپلا قويماقچى بولدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتىشتىن ئىلگىرى جېيننى رېستو بىلەن ماگىزىنغا بېرىپ، يوغان بىر ساندۇق، بىر چامادان، بىر قۇر سەپەر كىيىمى، ئاياغ ۋە ئۇششاق - چۈششەك نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋالدى.

— نيۇيوركقا بارغىنىمىزدىن كېيىن، سىزگە بىرنەچچە قۇر قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى رېستو جېيننىغا مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ، — سىزنىڭ ياسانسىڭىز قانچىلىك گۈزەللىشىپ كېتىدىغىنىڭىزنى ئۆزىڭىزگە بىر كۆرسىتىپ قويماقچىمەن. ئۇلار سېتىۋالغان بۇيۇملىرىنى سارايغا ئاپارغۇزۇۋېتىپ دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن، كېيىن نيۇ يوركقا مېڭىپ كېتىشكە كېلىشتى.

— بۈگۈن ئىشلەپ چارچاپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئانىسى جېيننى ئۆيگە قايتقاندا.

— ياقەي، — دېدى جېيننى، — چارچىمىدىم، كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپلا تۇرۇۋاتىدىغۇ تاڭ.

جېيننى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — ئاۋۇچۇ، قاراڭ ئانا، مەن ئىشتىن بوشىنىپ نيۇيوركقا بارىدىغان بوپقالدىم، —

دېدى.

ئانىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن، قاچاندىن بېرى شۇ نىيەتكە كەلدىڭ؟

— ئانا، گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇڭ. مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان بىر گېپىم بار. بىزنىڭ نەقەدەر نامرات ئىكەنلىكىمىز سىزگە ئايان. مەن بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ ياق بىزگە ياردەم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ مەن بىلەن بىللە نيۇيوركقا بېرىڭ دەۋاتىدۇ، مەن بېرىش نىيىتىگە كەلدىم.

— هوي، جېننى، — ئانىسى سۆرەن سالدى، — بۇندىاق قىلساڭ پەقەتلا بولمايدۇ. ئىلگىرى بىر خاتاغا يول قويدۇڭ. تازا ئويلاپ باق. هېچبولمىغاندا داداڭنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭچۇ!

— مەن هەممىنى كاللامدىن ئۆتكۈزۈپ بولدۇم، — جېننى گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇمۇ ئاماللىنىڭ يوقىدىن بولۇۋاتقان ئىش. ئۇ ياخشى ئادەم. ئۇنىڭ پۇلى جىق. ئۇ بىزگە ياردەم قىلماقچى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بارسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

— ئۇ ۋېستانى بىلەمدۇ؟ — ئانىسى ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

— ياق، — دېدى جېنىنى، — مېنىڭچە، ئۇنىڭغا ئېيتماي تۇرغىنىم تۈزۈك. ھېچ ئىلاج بولمىغاندا ئاندىن ئېيتارمەن.

— ئۇنداقتا، داداڭغا قانداق ئۇقتۇرىسەن؟ — دېدى ئانىسى يەنە خاۋاتىرلىنىپ.

— مەن ئۇنىڭغا، لېئانچو خانىم بىلەن بىللە بارىمەن، دەپ ئېيتماقچى. شۇنداق دېسەم، ئۇ قارشى تۇرمايدۇ، — دېدى جېنىنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — ئانا، بۇنى ئۇ بەرگەنىدى، جەمئىي ئىككى يۈز ئەللىك دوللار، ئۆيدە ئىشلىتىڭلار، — دەپ ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

شۇنداق قىلىپ جېنىنى ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، دادىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، يىراق سەپەرنى باشلىدى.

دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، جېنىنى ۋەدە بويىچە سارايغا يېتىپ كەلدى. رېستو ئۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى، — ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى، ھازىرلا ۋوگزالغا ماڭىمىز، — دېدى.

پويىز ۋوگزالدىن چىقىپ، چەكسىز دالالارنى ئارقىدا قالدۇرغىنىچە چېپىپ كېتىۋاتقاندا، جېنىنى خىيالغا چۆككەن ھالدا سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ۋىستانى ئېسىگە ئالدى. ئۆزىنىڭ قەدىردانى بولۇپ قالغان بىر كىشىدىن بۇ چوڭ سىرنى خۇپىيانە تۇتۇۋاتقىنىنى خىيالىغا ئەكېلىشى بىلەن، كۆڭلى يەنە بىسەرەمجانلىقىقا

چۈشتى.

ئەتىسى نيۇيوركقا بېرىشى بىلەنلا، رىستو مۇھىم بىر مەسىلىنى ئېسىگە ئالدى، قەيەرگە چۈشۈش كېرەك؟ ئۇ تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كىرا كەشكە ئۆزلىرىنى يىراقراق بىرەر خىلۋەت جايغا ئاپىرىشنى جېكىلىدى. شۇ يەردىن ئۆي ئىجارە ئالماقچى بولدى.

ھازىرقى بۇ يېڭى مۇھىت جېنىنىغا ئىنتايىن گۈزەل، ئىنتايىن سەلتەنەتلىك بىلىندى. جېنني نېمىلا دېگەنبىلەن ئايال زاتى ـ دە، ئۇ ئۆزىگە سوۋغا قىلىنىۋاتقان ئاشۇ چىرايلىق كىيىملەر ھەم زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كېتەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە، رىستو ئۇنى ئۆزىنىڭ زوقلىنىشىغا ئەرزىگۇدەك قىياپەتتە ياساندۇرالىغىنى ئۈچۈن، قەۋەتلا مەمنۇن ئىدى. زالدا، تاماق زالىدا، كوچىدا كىشىلەر ئارقىلىرىغا ئۆرۈلۈپ جېنىنىغا دىققەت بىلەن قاراپ كېتىشەتتى. جېنني نيۇيوركقا كەلگەندىن كېيىن، ئانىسىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك خەت يېزىپ تۇردى. كونۋېرتنىڭ ئىچىگە «ئانامنىڭ ئۆزىلا كۆرسۇن» دەپ كىچىككىنە باغاقچە سېلىپ قويانتى. بىر باغاقچىسىدە رىستونىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى يېزىپ، ھەر ئېھتىمالغا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، جېنني ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، پۈتۈن



ئائىلىسىدىكىلەر ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمۈشتى. دەرۋەقە، جېنىنى ئەمدى لېئانچو خانىمنىڭ ئۆيىدىكى ئىشقا بارالمايدۇ. شۇڭا دادىسىغا: «لېئانچو خانىم بىرنەچچە ھەپتىلىك رۇخسەت بەردى» دەپ قويدى.

رېستو جېنىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئاز - تولا چۈشىنىپ بولۇپ، كەسىپ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغىلى سىنسىنناتىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ يەردە بۇلار- نىڭ شەھەر سىرتىغا جايلاشقان كاتتا بىر زاۋۇتى بار ئىدى.

— جەمئىيەت ساڭا ئوخشاش بۇنداق مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ توي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، — ئاتىسى پات - پاتلا مۇشۇنداق مۇنارىزىنى قوزغاپ قوياتتى، — بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنۇڭنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ۋە ئىززەت - ئابرۇيۇڭنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسى بار. كىشىلەر ئاندىن ساڭا ئىشىنىدۇ، سەن بىلەن بىرگە ئىش قىلىدۇ، ئاندىن سېنىڭ بىخەتەر ۋە مۇقىملىقىڭ ئېتىراپ قى- لىنىدۇ. شۇڭا، ئوبدانراق بىر قىزنى تېپىپ ئائىلە قۇ- رۇۋالساڭ بولاتتى. شۇنداق بولغاندا ئاندىن ھەقىقىي ئەركەك سانىلىسەن.

— شۇغىنىسى، ئۆزۈمگە خوپ كېلىدىغان بۇنداق بىر قىزنى ئۇچراتمىدىم - دە، — دېدى رېستو، — كىملا بولسا ئېلىۋېرىشىم كېرەكمىدى - يا؟

—ياقەي،—دېدى دادىسى كۆيۈنۈپ، — ئەلۋەتتە

كەلسە ـ كەلمەس خوتۇننى ئېلىۋەرسەڭ بولمايدۇ، — دە، جاھاندا ياخشى قىز دېگەن تولا، ئەگەر كۆڭۈلشىدىغانلا بولساڭ، چوقۇم بىرسىنى تېپىۋالالايسەن.

بۇنداق ئەھۋالدا، رېستونىڭ جىننى بىلەن قانداقتۇر مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى دەرۋەقە ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. دادىسى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جىننىدەك بۇنداق نامرات ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. ئۇ جىننىنى سىنسىنناتىغا ئېلىپ كېلەرمۇ؟ ئەگەر باشقىلار سېزىپ قالسا، قانداق مازاق قىلىشلارغا ئۇچرار؟ تۇنجى قېتىملىق نيۇ يورك سەپىرى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇۋېرەرمۇ؟ ئۇ بۇ مەسىلىنى قايتا ـ قايتا ئويلاندى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن رېستو كلېۋېلاندقا يېـ. تىپ كەلدى، جىننىنىڭ ئەر دوستى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ ئائىلىنىڭ غۇربەتچىـ. لىكتە ئۆتۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سەل سوۋۇغاندەك بولدى. ئۇ جىننىنىڭ دادىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىراق، بۇ بوۋايغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى، ئۇلار بىلەن گەپلىشىپ بىرەردەم ئولتۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، رېستو جىننىغا: «سىرتقا چىـ. قىپ بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلى» دېدى. ئۇلار باشتىلا ئىجارىگە ئېلىپ قويغان ھېلىقى ئۆيگە بېرىشتى.

جېنىنى كەچ سائەت سەككىزدە قايتىپ كەلدى، ئۆيدىكە-لەرمۇ ھېچقانداق چاتاقنى سەزمىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، جېنىنى رېس-تونىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى ئۆيدى-كىلەرگە ئۇقتۇردى. رېستونىڭ بۇلارنىڭ ئۆيىگە قايتا - قايتا كېلىشىمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ ئىشقا ئىمكانىيەت ھا-زىرلاش ئۈچۈن ئىدى. ئىشمۇ تەبىئىيلا يۈرۈشۈپ كەتتى. پەقەت گېرخاردىتلا سەل گۇماندا بولۇپ قالدى، رېستوغۇ قالتىس بەلەن يىگىتتەك قىلىدۇ، براندىنىڭ ئىشلىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەنغۇ، بۇمۇ شۇنداق ئىشمىدۇ؟ ئاقىۋەت گېر-خاردىت ئايالىدىن:

— جېنىنى ئۇنىڭغا ۋېستا توغرىلىق ئېيتقانمى-كەن؟ — دەپ سورىدى ئەندىشە ئارىلاش.

— ياق، — دېدى ئايالى، — تېخى ئېيتماپتۇ.

— ياق، ياقلا دەيدىكەنسەن، — دەپلا ئۈستى - ئۈستى-لەپ كايىپ كەتتى گېرخاردىت، — ھەممىشە خەقتىن يوشۇرۇپلا يۈرىدىغان گەپمۇ، ئېيتىڭا، ناۋادا ئۇ كىشى بىلىپ قالسا، جېنىنىنى ئالامدۇ؟ بۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئاخىر ئۇنى پالاكەت باسىدۇ.

يېرىم ئايدىن كېيىن جېنىنى ئانىسىغا:

— رېستودىن خەت كەلدى. مېنى چىكاگوغا كېلىڭ دەپ يېزىپتۇ، — دېدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن گېرخار-دىتقا جېنىنىنىڭ چىكاگوغا بېرىپ، رېستو بىلەن توي

قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتى.

ئۇزاقتا قالماي رېستو پۇل چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئا-ئىلىسىنىڭ ياخشىراق ئۆيگە كۆچۈۋېلىشىغا ياردەم بەر-دى. شۇنىڭ بىلەن گېرخاردىتتمۇ رازىمەنلىك ھېس قىلدى.

## 7

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا گېرخاردىت ئائى-لىسىنىڭ ئەھۋالى كۆنسېرى ياخشىلاندى. بۇنداق بولۇ-شى ئەلۋەتتە جېننىنىڭ ئامال قىلغانلىقىدىن ئىدى. رېستو كلېۋېلاندقا كېلىپ بىرەر مەزگىل تۇرۇپمۇ قا-لاتتى. بىراق، گېرخاردىت بۇ ئىشتىن بىرئاز غەيرىي-لىكنى سەزدى. جېننى «رېستو بىلەن توي قىلدىم» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ توي خېتىنى كۆرگەن ھېچكىم يوق، جېننىنىڭ رېستونىڭ ئۆيىگە بارغانلى-قىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى، يىگىتنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ باقمىدى. يەنە ئېيتساق، رېس-تونىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇ كىشى ئۆي-لەنگەن ئادەمگە ئوخشىمايتتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە گېرخاردىتنىڭ ئايالىنىڭ تەن ساقلىقى تازا ياخشى بولالمايۋاتاتتى، تېنىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاشقىلى تۇردى.

ئۇ ئۇزاقىقا بارماي ئالەمدىن ئۆتتى. جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇ ھاياتلىق نۇرى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان كۆزلىرىنى جېنىنىغا تىكتى.

گېرخاردىتنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈمى ئائىلىنى ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈنۈشكە ئېلىپ باردى. باس خېلى بۇرۇنلا بىر قىز تاپقانىدى، مانا ئەمدى توي قىلىش غېمىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئۇزاقىقا بارماي باس، گېئورگى، مادالار ئاخىر بىر ـ بىرلەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۆيدە جېنىنى، گېرخاردىت، ۋېرونكا، ۋىلىيام، جېنىنىنىڭ بالىسىلا قېپقېلىشتى.

رېستو جېنىنىنىڭ بالىسى بارلىقىدىن ھېلىغىچە خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە، گېرخاردىتنىڭ ئايالى ۋېستانى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قوياتتى. رېستومۇ باشقىلارنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلىشنى ياقتۇرمايتتى، بۇ بالا ئاشكارىلىنىپ قالمىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە، ۋېستا بەش ياشقا كىرىپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئۈزلىشىپ، زېھنى تېخىمۇ ئېچىلىپ، ئۆزى تېخىمۇ شوخ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. گېرخاردىت ئۇنىڭ گەپ سوراشلىرىدىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆيەتتى. ۋېستا بولمىسا، گېرخاردىتقا ھاياتنىڭ ھېچبىر مەززىسى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۈچ يىل مابەينىدە، رېستو بىلەن جېنىنىنىڭ مۇناسىۋىتى بىردەك ياخشى بولۇپ كەلدى. چىركاۋ ۋە

جەمئىيەتنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى غەيرىي رەسمىي مۇناسىۋەتكە ياتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق بىرگە ئۆتكەن مۇناسىۋەتتىن رېستو ھەقىقەتەن ئاسايىشلىق ھەم تەسەللى تاپقانىدى. ئۇ بۇ خىل ھالەتتىن ئىنتايىن رازى ئىدى.

زاۋۇتنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، رېستو دادىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چىكاگودا ئەۋرىشكە كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ئورنى قۇرۇش قارارىغا كەلدى. پىلاننى دەرھال يولغا قويۇش ئۈچۈن، رېستو چىكاگوغا كۆچۈپ كەلدى. جېنىنىغا چىكاگوغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى جېكىلەپ خەت يازدى. ئىككىلىسى يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر جايدىن ئۆي تاللاپ ئىجارىگە ئالدى. بىراق، ئۇ چىكاگودا يەنىلا بويتاق ئادەمدەك يۈرۈۋەرمەكچى بولدى، ئەل - ئاغىنىلىرىنىمۇ ئۆيىگە تەكلىپ قىلماي، ھەرقانداق ئىش بولسا ئىشخانىدىلا تۈگەتتى.

جېنىنى بالىسىدىن پات - پات ئايرىلىپ تۇرۇشى، يەنە كېلىپ بۇ بالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇشى كېرەك، مانا بۇ ئۇنى بەكلا ئازابلايتتى، ئۇنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشى بەكمۇ ئادالەتسىزلىك ئىدى، شۇنىسى ئۇ باشقا چارىنى ھېچ ئويلاپ تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ ئەينى چاغدا، رېستوغا راست گەپنى قىلمىغىنى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئاخىر ئۇ

چىكاگودا بىرەر ئىشەنچلىك ئايالنى ياكى ئائىلىنى تې-
پىپ، ۋىستانى شۇلارغا باقتۇرۇش قارارىغا كەلدى. كې-
يىن شۇېتسىيىلىك بىر مومايىنى تاپتى. ئۇ ئاق كۆڭۈل،
سەمىمىي، ئوبدان ئايال ئىدى.

گېرخاردىتنىڭ نەۋرىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىي-
مايتتى، ئامال قانچە؟ جېننى ۋىستانى ئېلىپ ماڭغاندا،
ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى.

جېننى بىلەن رېستو ئەسرار بولۇشقان بىرنەچچە
يىل ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا ھېسداشلىق ۋە
چۈشىنىش تۇيغۇسى كۈچىيىپ باردى. رېستو ئۇنى چىن
دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلدى. جېننىنىڭ مۇلايىم،
ئىتائەتچان مىجەزى ئۇنى مەھكەم ئەسىر قىلىۋالغانىدى.
ئۇ تېگى ـ تەكتىدىن سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، دىلبەر ئا-
يال بولغاچقا، رېستو بارا ـ بارا ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان،
تايىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئىشىنىش، تايىنىش
ھېسسىياتى يىلدىن ـ يىلغا چوڭقۇرلىشىپ باردى.

جېننىنى ئالدىغان بولساق، ئۇمۇ بۇ ئەركەكنى
يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتات-
تى. رېستو ئاجايىپ كەڭ قورساق، ئاجايىپ تۈز كۆڭۈل
ھەم ئاجايىپ قاۋۇل ئىدى، ئۇنىڭ جىمى ئىشقا بولغان
كۆزقارىشى ھەم پىكرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەشنى ئاساس قىلاتتى.

بارا ـ بارا جېننى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنىڭ

قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە ئادىتىنى ئۆگىنىۋالدى. ئەمەل-
لىكتە ئۇنىڭ خانزادىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە
نەرسىسى تەل. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئەلۋەتتە ياقتۇرۇپ
قالدى. شۇنىسى، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى نەزەرگە ئې-
لىپ، ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز لايىقىدا بولۇشىغا دىققەت
قىلىپ يۈرۈشنى ئەستىن چىقارمىدى.

ئۇنىڭدا ئابرۇيپەرەسلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق، بار
بولغىنى پەقەتلا ئىمتىياز ھەم پۇرسەتتىن ئاز ـ تولا
بەھرىمەن بولۇش ئېڭى ئىدى. رېستونىڭ بۇ كەمگىچە
كۆرسەتكەن ھەم داۋاملىق كۆرسەتمەكچى بولغان ھىم-
مەتلىرى ئۈچۈن شۇكرانە ئەيلەپ هارمايتتى، ئۇنىڭ پۈ-
تۈن خىيالى رېستونى ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋېلىش، ئۇ-
زاق مەزگىل باغلىۋېلىشتىلا ئىدى.

ۋىستانى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھەممە رەسمىيىتى
كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، جېننى
ئاندىن كۆڭۈل توختىتىپ، كۈندىلىك ئائىلىۋى تۇر-
مۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

رېستو ئىشى ئالدىراش بولغاچقا، بەزىدە ئۆيدە بولا-
لىسا، بەزىدە ئۆيدە بولالمايتتى. ئۇنىڭ ھەر ھەپتىدە ئۆ-
يىدە بولىدىغان ۋاقتى ئىككى ـ ئۈچ كۈن، گاھى ۋاقىت-
لاردا ئۇنىڭدىنمۇ ئوشۇقراق ئىدى. دەسلەپتە ئۇ جېننىغا:
بىر دېدەك ياللاپ، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغۇزۇلۇڭ، دەپ
بەك تۇرۇۋالغانىدى. لېكىن جېننى قوشۇلمىغاچقا، ئۇ

بوپتۇ دېدى. جېننى ئائىلە مەشغۇلاتىغا ھېرىسمەن، تېگى ـ تەكتىدىن ئىشچان ھەم ئېدىتلىق بولغاچقا، رېستونىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى.

چىكاگودا تۇرغان بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، جىمى ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ گاھىدا جېننىنى تىياتىرغا ئاپىرىپ كېلەتتى. بىرەر تونۇشى ئۇچراپ قالسا، ئۇنى گېرخاردىت خېنىم دەپ تونۇشتۇراتتى. ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىسمىنى بىللە يېزىپ تىزىملىتىشقا توغرا كېلىپ قالسا، يالغان ئىسمىنى قوللىناتتى. لېكىن تونۇش كىشىلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمىسىمۇ بولىدىغان جايلاردا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى يېزىپ تىزىملىتاتتى. مۇشۇ تەرىقىدە، ھازىرغىچە ھېچقانداق قىيىنچىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. لېكىن جېننى ۋېستانىڭ ئىشى سىزىلىپ قالغۇدەك بولسا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تۇغۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلىپلا يۈردى.

ۋېستانىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، دەرۋەقە، بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىش. جېننى قىزىمغا يۈز كېلەلمەيمەن دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭغا ياخشىلىقلا بولسا ئايىماي

قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئانىلىق مەجبۇرىيە-تىنى ئۆتەشتىكى يېتەرسىزلىكىنىڭ ئورنىنى تولدۇر-ماقچى بولاتتى.

ئۇ ۋىستانى كۆرگىلى كۇندە دېگۇدەك باراتتى. ھەر-بىر بارغىنىدا، ئويۇنچۇق دەمدۇ، قەنت – گېزەك دەمدۇ، ئىشقىلىپ شۇ بالىنى خۇش قىلىدىغان نېمە ئېسىگە كېلىپ قالسا شۇنى ئالغاچ باراتتى. بارغاندىن كېيىن، كەچكىچە ۋىستا بىلەنلا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەۋلىيا – ئەنبى-يالار ۋە گىگانت ئادەملەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. كېيىنچىرەك، رېستو تۇغقان يوقلاپ كېتىپ قالغان چاغلاردا، ۋىستانى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. كېيىن ئۇ تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كەتتى. بەزىدە رېستو قىسقا مەزگىللىك، ئىك-كى – ئۈچ كۈن ئۆيدە بولماي قالسىمۇ، ئۇ ۋىستانى قورقماي تۇرالغۇسىغا ئېلىپ كېلەتتى.

بالا جىننىنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا، جىننى كىشىلىك ھاياتىنىڭ ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ئى-كەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ۋىستا تولىمۇ چېچەن قىز بولدى، ئۇ ھەمىشە جىننىدىن:

— مەن سىز بىلەن بىللە تۇرسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپ، ئۇنى خىجىللىققا سېلىپ قوياتتى.

دەرۋەقە، رېستو ئازراقمۇ گۇمان قىلىپ باقمىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئائىلە ئىشلىرىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايتتى.

ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمىتى ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى بولسىلا بولدى. جېنىنىڭ ساداقىتىگە بەكلا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ بىرەر خۇپىيانە ئىشى بارلىقىدىن زادىلا شۇبھىلىنىپ باقمىغانىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى، رېستو ئۆيدە ئىدى، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى. رېستو ئىشىكنى ئۆزى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ساراسىمىگە چۈشكەن قىياپەتتە، جېنىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جېنى بۇ ئايالنى كۆرۈپلا، ئالاقزادە بولغان ھالدا ئۇنى ئۆيگە باشلاپ، ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى شۇ زامان رېستونىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئېنىقلىمىغۇچە بولدى قىلماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

جېنى بىردەمدىلا ئۆيدىن چىقتى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرنېمىنى ئىزدىمەكچى بولۇۋاتقاندەك جىددىيلىشىپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى رېستو قوپالراق ئاۋازدا.

— سىرتقا بىر چىقىپ كىرمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — جېنى خېلى بىرھازادىن كېيىن ئاران شۇنى دېيەلىدى.

— مەيلى، بارسىڭىز بېرىڭ، — رېستو ئۆزىنى ئاران

تۇتۇۋالغان هالدا ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى، — بىراق، زادى نېمە ئىش بولدى، نېمىلا بولسۇن ماڭا ئېيتىشىڭىز كېرەك. شۇ تاپتا نەگە بارماقچىسىز؟

— سىرتقا چىقمىسام بولمايدىغان ئىش چىقىپ قالدى، — جېنىنى گەپ يورغىلاتتى، — مەن ئەمدى بىر دەم كېچىكسەم بولمايدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى رىستوغا قارىدى، چىرايىدىن دەرھال مېڭىشنى قارار تاپقانلىقىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رىستو ئۇنىڭ بۇنداق جىددىي قىياپىتىنى زادىلا چۈشىنەلمەي باقمىغانىدى.

— بارسىڭىز ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئەمما نېمە قىلىدىغانلىقىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭ، نېمانداق جىددىيلىشىسىز، ماڭا چوقۇم سەۋەبىنى ئېيتىڭ.

ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭدا جېنىنى دېگۈزمىگۈچە ئۇنىمايدىغان ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ بالام، — دېدى جېنى، — سەكراتتا يېتىپتۇ، ئۇنى قۇتقۇزمىسام بولمايدۇ، مېنى توسمىسىڭىز، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىزگە ھەممىنى دەپ بېرىمەن.

— نېمە، سىزنىڭ بالىڭىز؟ — رىستو تۇۋلىۋەتتى، — بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ جېنىنىغا قاراپ ئويغا پاتتى: «ئۇنىڭ بالىسى باركەندە، شۇنچە يىللاردىن بېرى

دوپپامغا جىگدە سىلىپ يۈرگەننىكەنلەرنى. مەن ھەقىقەتەن دۆتكەنمەن، خوپ بولدى!»

جېننى ئىشىكتىن چىقىپلا قويۇندەك مېڭىپ كەتتى، يۈرىكىدە قىزى بىلەن پاتراق يۈز كۆرۈشۈۋېلىش ئىستىكى يانغانىدى. شۇۋېتسىيىلىك موماينىڭ ئۆيىگە بارغىنىدا، ۋىستا يۈزى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ھالدا بوش نەپەس ئېلىپ، تىپتىنچ ياتقان ئىكەن. بالىنىڭ يېنىدا بىرمۇنچە شۇۋېتسىيىلىك قوشنىلار ھەم ئوتتۇرا ياشلىق بىر دوختۇر پايپېتەك بولۇپ تۇرغانىكەن. دوختۇر ئۇنىڭغا بالىنى قۇتقۇزۇش چارىلىرىنى قىلغانلىقىنى، ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيدىغانلىقىنى، ئىككى - ئۈچ كۈندىلا پۈتۈنلەي ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جېننى بالىسىنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، بىر قارارغا كەلدى. ئۇ قىزىنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزدى. بۈگۈندىن ئېتىبارەن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، گۇناھىنى يۇيۇشى كېرەك. رېستوننىڭ ھەممە ئىشنى بىلىپ قېلىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشى قورقۇنچلۇق ئىش، ئەمما ئەمدى ۋىستانى ئىگە - چاقىسى يوق بالىدەك تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇ بالىسى ئۈچۈن ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، بالىنى ئائىلە مېھرىدىن بەھرىمەن قىلىشنى، شارائىت قانچە يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇنداق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

رېستو ئۆيىدە ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويىۋاتتى: بۇ بالا ھازىر قانچە ياشتىدۇ؟ بۇ بالىنىڭ دادىسى كىم بول-غىيتى؟ ئۇ قانداقلارچە ھازىر چىكاگودا بولۇپ قالدى، ئۇنى كىم بېقىۋاتقاندۇ؟

ئالدامچىلىق رېستو ھەممىدىن نەپرەتلىنىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى بىر قۇر ئويلىغاندىن كېيىن، كالللىسىغا بىرىنچى بولۇپ كەلگىنى بۇ ئۆيدىن كې-تىپ، جېنىنى تاشلىۋېتىش بولدى. تۇرۇپ يەنە، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىپ بېقىش خىيالىغا كەلدى.

جېننى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، سائەت ئون بىر بولغانىدى، زالنىڭ چىرىغى ئۆچۈك ئىدى. شۇ ئەسنادا رېستو كىرىپ كېلىپ جېنىدىن:

— ئۇ كىمدىن بولغان بالا ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

جېننى بىر ئازئارىسالدى بولۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن بىراقلا ئىقرار قىلىۋەتتى:

— كېچەش پالاتا ئەزاسى براندتىن.

— براند! — دەپ تەكرارلىدى رېستو بۇ تونۇش مەشھۇر زاتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، — سىز ئۇنى قانداق تونۇيتتىڭىز؟

— بىز ئادەتتە ئۇنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ بېرەت-تۇق، — جېننى قىسقىچىلا جاۋاب بەردى.

— بۇ قاچان بولغان ئىش؟ — بۇنى سورىغان چې-غىدا، ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن تۈس ئالدى.

— ئۇنىڭغا ئالتە يىلچە ۋاقىت بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى جېنىنى.

رېستو سەل تەسىرلىنىپ قالدى بولغاي، ئاۋازى ئاۋۇالقىدەك كەسكىن بولماي قالدى.

— بۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ ماڭا نېمىشقا ئېيتمىدىڭىز؟ — ئۇلاپلا سورىدى رېستو.

— چۈنكى قورقتۇم، — دېدى جېنىنى ئاستاغىنە.

— سىزنى تاشلىۋېتىشىمدىن قورققانمىدىڭىز؟

— ھەئە.

رېستو قېتىپلا قالدى. چۈنكى، جېنىنىنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن بەرگەن جاۋابلىرى رېستونىڭ ئۇنى پۈتۈنلەي يەنە نەيراڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىغا سەۋەب بولغان شۈبھىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ھە، بۇنىڭدىكى ئالدامچىلىق ناھايىتى شۇ ھال ـ كۈنىدىكى تەڭقىسلىق ھەم ئەخلاق جەھەتتىكى قورقۇنچاقلىقتىن بولغانىكەنغۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ كۆڭۈلنى تازىمۇ غەش قىلىدىغان چاتاق ئىش ئىدى. رېستوغا ئوخشاش مەرتىۋە ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولغان ئەركەك بۇنداق چاتاققا چېتىلىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ بالا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىكەن، دېمەك، جىمىكى ئىش كىشى چىداپ تۇرغۇسىز ھالەتتە ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ دېگەن سۆز. ئۇ جېنىنىنىڭ

دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن ھالىتىنى كۆرۈپ، — ئەمدى بىرىپ ئۇخلىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئاخىر.

بىراق جىننى كۆزلىرىنى جامدەك ئاچقىنىچە، يەنە شۇ جايىدا قىمىرلىماي تۇرۇۋەردى. كۆڭلىدە رىستوننىڭ ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

رىستو شۇئان زۇۋان سۈرمەيلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

رىستوننىڭ كاللىسىدا كەسكىن توقۇنۇش بولىدى، جىننى بىلەن مۇناسىۋەتنى چوقۇم ئۈزۈۋىشىم كېرەك، دېگەن ئويغىمۇ كەلدى، ئەمما ئۇ جىننىغا ئىجىل بولۇپ قالغانىدى. پەقەت جىننى بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىغاندىن كېيىنلا، ئۇ شاد ـ خۇراملىققا ئېرىشىپ، ھەقىقىي ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئاخىر جىننى بىلەن ئەستايىدىل سۆزلىشىپ، ئوتتۇرىدا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش قارارىغا كەلدى. جىننىغا بالىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆزىڭىز بېقىڭ دېمەكچى، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھازىرچە بۇزۇلمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئۆزىدە ئالىبۇرۇنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى سەزدۈرمەكچى بولدى، ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇدۇللا گەپ قىلىپ:

— بالىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزىڭىز خەۋەر ئېلىڭ، — دېدى.

—بولىدۇ، رەھمەت رىستو،— دېدى جېنىنى رايىشلىق بىلەن،— مەنمۇ خېلىدىن بېرى شۇنداق ئويلىغان.

جېنىنى بىر تەرەپتىن رىستوغا رەھمەت ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ۋىستانى، ئۆزىنىڭ رىستوغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى، رىستونىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شېرىن چۈشىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دەرۋەقە، رىستو بىلەن ۋىستا بىر يەردە بولغان چاغلاردا قانداق قىلىپ ئوتتۇرىدا ئۆزى قىسىلىپ قالمايدىغان قىلىش — ئەڭ خاۋاتىرلىنىدىغان ئىش ئىدى.

بۇ قېتىمقى ماجىرا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، جېنىنى ۋىستانى ياندۇرۇپ ئەكېلىۋالدى. ئانا ـ بالىنىڭ دەرقەمتە بولۇش خۇشاللىقى باشقا بىرمۇنچە غەملەرنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ كۆڭلىدە، ئەمدى ۋىستا ئۇچۇن ئازغىنا بولسىمۇ ئۆز بۇرچۇمنى ئاقلىيالايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى.

جېنىنى بۇ ئويۇنچى، كەپسىز بالىغا رىستو ئۆيدە بولغان چاغلاردا ھەرگىز كۆپ گەپ قىلما، نەرسىلەرگە ئۆزۈڭچە قول ئۇزاتقۇچى بولما دەپ جېكىلەپ، بۇ تەرسا ئەستايىدىل ئەركەكنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىقىنى ئۆتۈندى.

رىستو بالىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، بالىنىڭ چىرايلىق ۋە ئۇماقلىقىنى ھېس قىلدى، شۇ زامانلا

ئۇنىڭدىكى بالىنى يات كۆرۈش ھالىتى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەتتا ئۇنى ئاز ــ تولا ياخشى كۆرۈپمۇ قالدى.

مانا ئەمدى بۇ بالىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى، ئۇ-نىڭغا قوشۇلۇپ ئانىسىنىڭ ئۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئەپچىل ۋاستىسى كۆڭۈلنى ئەبەدىي سۆيۈن-دۈرىدىغان پاكلىقى ھەم ياشلىقى رېستونىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ جېنىنىنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاشۇ بالىغا ئانا بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بەزى چاغلاردا ھەتتا بالىسى بىلەن ئايلاپ يۈز كۆرۈشمىگەنلىكىنى، يەنە جېنىنىڭ ئۇ بالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى زادىلا چاندۇرمى-غانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋىدى، ئىختىيارسىز تە-سىرلىنىپ قالدى. «ئاجايىپ ــ ھە!—دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇ قالتىس ئايال ــ دە!»

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغا بارغاندا كۆرگەزمىخانا بىلەن ئامبار پۈتۈپ، رېستو ئىشخانىسىنى يېڭى بىناغا كۆچۈرۈپ كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىكاگودا مۇ-قىم ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇ يەر خۇددى مەڭگۈلۈك ئائىلىسىدەك تۇيۇلاتتى.

مۇبادا رېستو بىلەن جېنىنىڭ خۇپىيانە تۇرمۇشى مەڭگۈ ئاشكارىلانماي كېتىۋەرسە، كۆڭلەرنىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋەرگىلى بولاتتى. گاھى چاغلاردا جېننى بىلەن ئىككىسى بىر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، تونۇش ــ بىلىشلەرنىڭ كۆزگە چېلىقىپمۇ

قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللىي بې-رىپ، مەن دېگەن بويتاق، كىم بىلەن ئويناپ يۈرسەم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، جېنىنىنى ياخشى ئائىلىنىڭ قىزى ئەمەس دەپ كىممۇ گۇمان قىلار، دەپ ئويلايتتى. ئۇنى ئىمكانقەدەر خەققە تونۇشتۇرۇپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر پەيتۇنغا ئولتۇرغاندا، ناھايىتى ئىتتىك يۈرۈپ كېتەتتى.

ھەممىدىن يامىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزلىرىمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. رېستونىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى خالىمىغىنى بىلەن، لېكىن ئۇلار رېستونىڭ ئىلگىرى باشقا شەھەرلەردىمۇ مۇشۇ ئايال بىلەن بىرگە يۈرگىنىنى چېلىقتۇرۇپ قالغان. بۇ ئايالنى ئۇنىڭ ئاشنىسى دەپ بىلىشەتتى. ئۇ پۇلدار، ياش، ئەلۋەتتە ئويناپ ـ كۈلۈپ كۆڭلىنى ئېچىپ يۈردۇ ـ دە.

ئىشلار كىشىنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ، ئەلۋەتتە. جېنىنىنىڭ بېشىغا يەنە كۈن چۈشتى. بىر كۈنى رېستونىڭ تۇيۇقسىز قورسىقى ئاغرىپ قالدى. ئۇ باشتىلا تېزلا ئوڭشىلىپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانىدى، كىم بىلسۇن، كېسىلى بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرالماي قالدى.

ئۇ جېنىنى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىرگە ياشاپ كەل-گەچكە، ھەممە ئىشقا پەرۋاسىز قارايدىغان بولۇپ قالغا-

نىدى. ئۇ ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاغ-رىپ قالغانلىقىنى، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئىشقا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويدى، جېننىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشىدىن ھۇزۇر ئېلىپ يېتىۋەردى.

دەل مۇشۇ رېستو كېسەل كۈنلەردە بەختسىزلىك يۈز بەردى. رېستونىڭ سىڭلىسى لۇئىزا سان - پاۋلوغا دوستىنى يوقلىغىنى مېڭىپ، ئۆيگە قايتىشىدا چىكا-گوغا چۈشۈپ ئاكىسىنى يوقلىماقچى بولدى.

لۇئىزا ئىشخانىغا كەلگىنىدە، كاتىپ ئۇنىڭغا رېس-تونىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى تاۋى يوق بولۇپ قال-غاچقا ئىشقا كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. لۇئىزا ئاندىن رېستو دائىم تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئوكيان سارىيىغا ئىزدەپ باردى. ئۇ يەردىكى چاكار ئۇنىڭغا رېستونىڭ سارايغا كېلىپ قونمىغىنىغا نەچچە كۈن بولغانلىقىنى، باشقا بىر جايدىمۇ تۇرار جايى بارلىقىنى ئېيتتى.

لۇئىزا ئاكىسىنىڭ بۇ ئۇچىنچى ئادرېسىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى - دە، جىددىيلىشىپ، قارشى تەرەپتىن، — رېستو نەدە ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ لۇئىزانىڭ رېستونىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن-دىن كېيىن:

— ئۇياق شىل كوچىسى 19 - نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى.

لۇئىزا بىر سائەتتىن كېيىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىنىڭ

كۆنۈپكىسىنى بېسىۋىدى، جېنىنى ئىشىكنى ئېچىپ، مودا كېيىنگەن بۇ قىزنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى.

— رېستو مۇشۇ يەردىمۇ، — دېدى ئۇ، مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى، ئۇ ئاغرىپ قالدى دەپ ئاڭلىدىم، ئۇنى كۆر-گىلى كەلدىم، كىرسەم بولامدۇ؟

دەل جېنىنى ئارىسالدىلىقتا تۇرۇۋاتقاندا، لۇئىزا جېنىنىڭ سۆز قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەي ئۇسۇپلا كىردى ـ دە، تۆت تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. لۇئىزا دەرھال ئاكىسىنىڭ كارىۋاتتا ياتقىنىنى كۆردى:

— ئاكا، — لۇئىزا سورەن سالدى، — نېمە كېسەل بولۇپ قالدىڭ؟

رېستو ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، شۇ زامان ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى، دەرمەھەل ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى.

لۇئىزا جېنىنىڭ ئالاقزادىلىككە چۈشكەن، ھېچ قولاشمىغان ھالىتىنى سەزدى، بۇ يەر كۆڭۈللۈك ھەم مەپتۇن قىلارلىق ئائىلە پۇرىقىنى ئالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە تۇگۇنسىز گۇمان پەيدا بولدى.

— بۇ يەرگە كەلمىسەڭ بوپتىكەن، — رېستو لۇئى-زانىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرىشنى كۈتمىگەن ھالدا ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— نېمىشقا كەلمىگۈدەكمەن؟ — لۇئىزا سورىدى جاۋۇلداپ، — سەن مېنىڭ ئاكامىمۇ ـ ئەمەس؟ ئاۋۇ ئايال كىم، ئاۋۇ بالا كىمنىڭكى؟

— ئۇنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — دېدى رېستو پەرىشان بولۇپ، — مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشمايلا قويغىن.

— مۇشۇنداق رەپرەپ بىلەن بىرگە تۇرۇشۇڭ، ئەقىلغا زادىلا سىغمايدۇ، سەن ئائىلىمىزنى ۋە ئاتا ـ ئانىمىزنى كۆڭلۈڭدە تۇتمايۋاتىسەن، شۇ تاپتا كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋۇلداپ، غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى لۇئىزا. رېستونىڭ سىڭلىسىنى قوغلاپ چىققۇدەك مادارى يوق ئىدى، پەقەت ئىلاجىسىز باش لىڭشىتىپ: «تەقدىر ئادەمگە بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىپ قويىدىكەن» دەپ ئويلىدى.

## 9

لۇئىزا ئائىلىسىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيگە قايتىپ، بۇ قېتىم كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇنچە گەپ قوشۇپ كۆپتۈرۈپ ئائىلىسىدىكىلەرگە مەلۇم قىلدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، تېخى مۇنداق ئىشلارمۇ بارمىكەن؟ — دەپ توۋلىۋەتتى ئانىسى، — مېنىڭ ئوغلۇم — رېستويۇم قانداقلارچە بۇ ئىشنى قىلىپ يۈرگەندۇ؟ گان خانىم بۇ رېئاللىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېرىنى دەرھال تېلېفون بېرىپ زاۋۇتتىن

چاقىرتىۋالدى — دە، ئۇنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىنى كۈتتى. بوۋاي بولارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلىلا چۆچۈدى. ئۇنىڭ يات - يېگانە بىر ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقىنى ئېنىق ئىدى، ئۇ چوڭ ئوغلى روبېرتنى چاقىرىپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى مەسلىھەتلەشتى. روبېرت بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلىغان، ئائىلىسىدىكىلەرنى پەرىشان قىلىشنى راۋا كۆرمەي، ئاغزىدىن چىقارغۇسى كەلمىگەنلىكىنى بوينىغا ئالدى. ئاخىر، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، روبېرتنىڭ ئاكىلىق سالاھىيىتى بىلەن چىكاگوغا بېرىپ رېستو بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆتۈندى.

نەچچە كۈندىن كېيىن روبېرت چىكاگوغا يېتىپ كەلدى، رېستو كېسەلدىن تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئىشخانىغا كېلىپ ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋەدە بەردى. ئۇ ئاكىسى بىلەن ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە كۆرۈشۈپ، ئالدى بىلەن تىجارەت ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەشتى. ئارقىدىنلا، ئىككىيلەن كۆڭۈلگە تايىن ئىش تۈپەيلى سۈكۈتكە پاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ بۇ قېتىم كېلىشتىكى مەقسىتىم ساڭا ئايان بولسا كېرەك، — روبېرت سىناق تەرىقىسىدە گەپ ئاچتى.

— مەن پەرەز قىلىپ بولدۇم، — دېدى رېستو.

— لۇئىزا بۇ يەرگە كەلگىنىدە كۆرگەن ئايال بىلەن تويى قىلىۋالمىغانسەن؟

— ئۇنداق ئەمەس.

— رېستو، مەن سېنىڭدىن سورۇشتە قىلغىلى كەلمىدىم، — دېدى روبېرت سەمىمىي پوزىتسىيە بىلەن، — ئۆيدىكىلەرنىڭ خىيالىغا مېنى بارسۇن دېگەن ئوي كېلىپ قاپتۇ، ئاپام بەك دىلخەستە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىشىمگە توغرا كەلدى. ھېچبولمىغاندا بىرئاز ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۆيدىكىلەرگە چۈشەنچە بېرەي.

— ئەھۋال شۇنداق، دېگۈدەكقۇ ھېچ گەپ يوق، — دېدى رېستو سالماقلىق بىلەن، — مېنىڭ بۇ ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئاتا ـ ئانام قارشى.

— سەن ھازىر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئويىغا تېخى كەلمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ — روبېرت سورىدى.

— مېنىڭدە تېخى ئۇنداق ئوي يوق، — رېستو پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— سېنىڭچە، دەررۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش ئامال ھېسابلانامدىكەن؟ — دەپ سوراۋېتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن يەتكۈزدى روبېرت.

— ئۇ ماڭا تولىمۇ ئوبدان مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇپ كۆنۈپ قاپتىمەن.

مەن دەررۇ ئۇنى كۇدە ـ كۆرپىلىرىگنى يىغىشتۇرۇپ يولۇڭغا ماڭ دېيەلمەيمەن. شۇڭا، پەزىلەت جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭغا چامامنىڭ يېتىشىچە ھەممەت كۆرسىتىشىم كېرەك، — دېدى رېستو.

— ئائىلىمىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بول-سىمۇ، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى يولغا سېلىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ روبېرت تېخىمۇ قىستاپ كەلدى.

— قويساڭا، بۇنداق قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن كاللا قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

— دەپباقە، بۇ ئىشنى قاچان ئاياغلاشتۇرغىلى بو-لار؟

— ھازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

روبېرت ئۇكىسىنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن يەنە گەپ قىلىۋەرسە ھېچ نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ يې-تىپ:

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۇنداقتا مەن كېتەي، ئەمما قاي-تىپ بارغاندىن كېيىن، ئىلاج بار سەن تەرەپ بولىمەن.

رېستو ئۇندىمىگەن بولسىمۇ، چىرايىدىن نىيىتى-دىن يانمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن روبىرو تۇرۇشتى، رېستو-نىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن، روھى بەك چۈشكۈن كۆرۈنەتتى.

رېستو ئاكىسىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، سوكۇتكە پاتقىنىچە دېرىزىدىن تاشقىرىغا قاراپ بىر هازاغىچە ئولتۇرۇپ، ئەمدى قانداق ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئۈستىدە باش قاتۇردى. روبېرىت ۋە ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ ئەمدى يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشى ناتايىن. ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرىمۇ ئىلگىرىكى ھالىتىدە داۋام قىلىۋېرىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ زاۋۇت-نىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش - تە. ئۇنى مەج-بۇرلايدىغان ۋاسىتىلەرگە كەلسەك، بۇنداق ئىش ئەسلا يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق ۋە زىددىيەتنىڭ بولغىنى بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن توپتوغرا بىر يىلغىچە، بۇ خىل ئوڭايسىز ھالەت داۋام قىلىۋەردى. رېستو ئالتە ئايغىچە ئائىلىسىگە قايتمىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە، جېننى قىيىن ئۆتكەلنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. رېستونىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ئۇنى قاتتىق ئازابقا سالدى. رېستوغۇ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز توي قىلمايدۇ، بۇنى جېن-نى بىلىپ يەتتى. ئۇ مۇبادا رېستودىن ئايرىلىپ، كېلى-ۋېلاندقا قايتىپ كەتسەم، دادام بىرگە تۇرۇشقا ئۇناپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەننى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈۋالدى.

لۇئىزانىڭ ھېلىقى تراگېدىيىلىك زىيارىتىدىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئەقلىگە پۇل توپلاش كەلدى - دە،

رىستو بەرگەن خىراجەتتىن ئاز ـ تولا زىغزىق چىقىرد-
ۋىلىشقا باشلىدى.

لۇئىزا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، جېيننى رىستوغا
بىر نېمىلەرنى دېگۈسى كەلدىيۇ، ھەممىشە پۇرسەت بول-
مىدى. رىستومۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يەنىلا ئۇنىڭغا
ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، جېيننىلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىمۇ
ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. جېيننى كەتكەندىن
كېيىن، سىڭلىسى مادا توي قىلىۋالدى، سىڭلىسىنىڭ
تويىنى خەۋەر قىلىپمۇ قويمىغىنى جېيننىنى تولىمۇ
ئازابلىدى.

گېرخاردتىنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ كۈندىن ـ
كۈنگە يامانلىشىپ، مىجەزىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتـ-
قىنىنى، ياشلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن
بىرگە تۇرۇشقا رايى يوقلۇقىنى ئۇمۇ بىلەتتى. جېيننى
ئائىلىسى ۋە دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى ـ دە، بىردىنلا
جىددىيلىشىشكە باشلىدى، رىستودىن دەرھال ئايرىلىپ
كېتىپ دادامنىڭ قېشىغا بارايمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئايرد-
لاي ياكى ئايرىلماي، ئاۋۋال دادامنى بىر يوقلاپ كېلەيمۇ،
دېگەن پىكىردە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

جېيننىنىڭ بۇ پىلانىنىڭ چاتاق يېرى شۇكى، ئۇ
رىستونىڭ پوزىتسىيىسىنى كاللىسىدىن ھەقىقىي ئۆتد-
كۈزۈپ باقمىغانىدى. رىستو راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا

قىيالمايتتى، ئەمما ئۇ ئۆزى ياشاپ كەلگەن ئاشۇ ئەنئە-
نىۋى دۇنيانىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە چىرمىلىپ قالغان.
مۇبادا ئۇ جىننى بىلەن توي قىلىشنى ئېھتىمال قوبۇل
قىلالمايدۇ دېگەندىمۇ، جىننىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى
خىيالىغا كەلتۈرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

مۇشۇ ياشقا كەلگەن رېستونىڭ ئايال زاتىغا بولغان
كۆزقارىشى مۇقىملىشىپ قالغانىدى، ئۇ تا مۇشۇ كەم-
گىچە، جىننىغا ئوخشاش ئۇنىڭدا مۇھەببەت ئۇرغۇتال-
غان بىرەرسىنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. جىننى مۇلا-
يىم، ئەقىللىق، نازاكەتلىك، ئۇنىڭ جىمى ئېھتىياجىنى
قاندۇرالايدىغان ئايال. ئۇ يەنە جەمئىيەتتە قەدىر ـ قىم-
مەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىلمۇخىل قا-
ئىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆگەندى. شۇڭا، جىننى ئۇنىڭ كۆ-
ڭۈلدىكىدەك سىردىشى بولۇپ قالدى. رېستو ئۆزىنى
بەھۇزۇر سىزەتتى، قانائەت ھاسىل قىلاتتى، بۇنىڭدىن
باشقا يەنە نېمە كېرەك؟

بىراق جىننىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى كۈندىن ـ
كۈنگە كۈچىيىپ، رېستوغا بىر پارچە خەت يازدى:

*«سۆيۈملۈكۈم رېستو:*

*بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان چېغىڭىزدا، ئېھتىمال مەن
بۇ يەردە بولماسمەن. سىزنىڭ مېنى ئوپۇل ـ توپۇللا
ئەيىبلىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ۋىستانى
ئېلىپ كېتىپ قالدىم. ئويلىسام ـــ ئويلىسام كەتكىنىم*

تۇزۇك ئىكەن.

رېستو، سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزدىن مۇشۇنداق ئاي-رىلىۋاتقىنىم ئۈچۈن ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، بىراق سىز مېنىڭ مۇشۇ كۆنلەردىكى ھېس-تۇيغۇلىرىمدىن خەۋەر تاپقان بولسىڭىز، مېنى ئەپۇ قىلغان بولاتتىڭىز. ئاھ، مەن سىزنى سۆيىمەن. رېستو، سىزنى چىن دىلىمدىن، ھەقىقىي سۆيىمەن.

رېستو، سىز مېنى ئۈچرىتىپ قالغان مەزگىللەردە ئائىلىمىز تولىمۇ نامرات ئىدى. شۇ چاغلاردا مەن، مۇشۇ ھالىم بىلەن مېنى ئالدىغان بىرەر ياخشى ئادەم چىق-مىسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. كېيىن سىز بىلەن تو-نۇشۇپ قالدىم. مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقىنىڭىزدا، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قال-غاندىم. لېكىن، رېستو، سىز مېنى ئىختىيارىمغا قويماي، سىزنى ياخشى كۆرۈشكە قىستىدىڭىز.

رېستو، سىڭلىڭىز كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاز-دىن ھەممىنى چۈشەندىم. ئىككىمىزنىڭ ئەمدى ئەپ ئۆتەلمەيدىغىنىمىزنى بىلدىم. شۇنداقتىمۇ مەن سىزدىن پەقەت ئاغرىنمايمەن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم-دىن كۆرىمەن.

مەن سىزدىن مەن بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قى-لىپ تۇرۇۋالمايمەن. رېستو، سىزنىڭ ماڭا بولغان ھېس-تۇيغۇڭىزنىڭ قانداقلىقى، ئائىلىڭىزگە بولغان

*ھېسسىياتىڭىزنىڭ قانداقلىقى ماڭا ئايان. شۇڭا ئۇلار سىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشىڭىزنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئايرىلىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك، بۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ. بۇنى مەن سىزگە نەچچە قېتىم يۈزتۇرانە دېيىش خىيالىغا كەلگەنمۇ بولدۇم، بىراق سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقتۇم، شۇڭا سىزگە خەت قالدۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. مەن كەتكەندىن كېيىن، سىزگە ھەممىسى چۈشىنىشلىك بولىدۇ. مېنى ئەيىپ قىلمايسىز، سىزنىڭ ماڭا قىلغان شەپقىتىڭىزدىن ئۆمۈر بويى مىننەتدارمەن. سىزنى سۆيىمەن، ئاھ، سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن.*

*جېننى»*

ئۇ بۇ خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ ئاغزىنى ھىملىدى ـ دە، ئاندىن قويىنغا سېلىۋېلىپ، مېڭىشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپ يۈردى.

ئۇنىڭغا بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇرسەت چىقماي، نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن رېستو تېلېفون بېرىپ، بىر ـ ئىككى كۈن ئۆيگە قايتمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن جېننى لازىمەتلىكلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، يۇك ـ تاقلارنى توشۇشقا ھامال ئۇقۇشۇپ، دەررۇ يولغا چىقىشقا ھازىرلىنىپ قويدى. ئۇ ھامالنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىدا،

ئويلىمىغان يەردىن رېستو تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى.

ئەسلىدە رېستو پىلاننى ئۆزگەرتكەنىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساندۇقلارنى، جېنىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقىشقا تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى، ۋىستانىگمۇ رەتلىك كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە:

— بۇ نېمە ئىش، قەيەرگە بارماقچىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھە...ھە... — جېنىنى ئارقىغا داجىپ ـ داجىپ سۆزلىدى، — مەن كەتمەكچى ئىدىم.

— نەگە؟

— ئاۋۇ.. ئاۋۇ... مەن ئەسلىدە كلېۋېلاندقا كېتىدىغىنىمنى ئېيتماقچى ئىدىم، سىزگە دەي ـ دەي دەپ نەچچە تەمشەلدىمۇ، دېيەلمىدىم. شۇڭا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغانىدىم، خەت ئەنە ئۈستەلدە، — دېدى جېنىنى.

رېستو ئۈستەلدىن خەتنى ئېلىپ، خەتنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— جېنىنى، — دېدى ئۇ، — سىز راستتىن بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپلا كەتمەكچىمىدىڭىز؟ سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مەن سىز بىلەن توي قىلالمايمەن. چۈنكى بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئىشلار كۆپ بولۇپ كەتتى. مەن ئائىلەمنى، ئاتا ـ ئانامنى، ئىشلىرىمنى نەزەردە

تۇتمىسام بولمايدۇ. لېكىن مەن سىزنى ياخشى كۆردۈمەن. بۇنى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىسىز، مەن سىزنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن سىزگە پەقەت قىيالمايمەن. سىز ھەقىقەتەن كېتىپ قېلىش خىيالىدا ئەمەستۇرسىز، ئۆيىنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىسىز، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن قىلغان سۆزلىرى جېنىنىنى يۇمشىتمىۋەتتى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. رېستو ئۇنىڭدىن ئۆتۈندى، جېنىنىمۇ ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتى.

— جېنىنى، — دېدى رېستو، — مەن ھازىر سىز بىلەن توي قىلالمايمەن، كەلگۈسىدە بەلكىم بولۇپ قالارمەن سىزنىڭ قايتىپ بېرىپ، ئاشۇ تۇرمۇشنى قايتا ئۆتكۈزۈشىڭىزگە يول قويمايمەن. سىز بالىڭىز تۇرۇپ ئىشلىسىڭىز، تولىمۇ تەس ئىشقۇ بۇ.

رېستونىڭ سەمىمىي ئۆتۈنۈشلىرى ئالدىدا، جېنىنىنىڭ نەچچە كۈنلەپ روياپقا چىقارغان پىلان ۋە ئىرادىسى بىردىنلا بەربات بولدى، ئۇ بېشىنى سىلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— جېنىنى، ئەمدى كەتمەيدىغانسىز؟ — سورىدى رېستو.

— ياق! — دېدى ئۆكسۈپ تۇرۇپ جېنىنى.

— مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنمەكچى ئىدىم، — دېدى رېستو.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى، — جېنىنى ھەيرەت-تە.

— بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرماڭ، بولامدۇ؟

— ماقۇل، — دېدى ئۇ سەل- پەل تەبەسسۇم بىلەن، — مەن سىزگە سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمەن دەپ ۋەدە بېرەي. ئىلگىرى قورقاتتىم، ئەمدى قورقمايمەن. ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا، — دېدى رېستو كۈلۈپ كېتىپ، — مەن سىزگە ئىشەندىم.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جېنىنى دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى رېستوغا ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ئەندى-شىسىنى بىلدۈردى.

رېستو ئۆي كۆچۈپ باشقا جايدا ئولتۇرۇشقا ھازىر-لاندى. جېنىنىنىڭ ئۆي كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن كلې-ۋېلاندقا بېرىپ، بوۋاينى ئەكېلىۋېلىش ئىشىنى سۆزلە-شىشىگە ئىجازەت بەردى. ئۇ جېنىنىنىڭ ئۆز ئاتىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ياقتۇرۇپ قالدى، جېنىنىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى ناھايىتى توغرا تاپتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەملەشمەكچى بولدى.

10

خىد باغچىسىغا كۆچۈش پىلانى ئۇزاققا بارمايلا

روياپقا چىقتى. ئۆي كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن، جىننى رېستونىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى ـ دە، دەرھال دادىسىغا خەت يېزىپ، ئۇنى چىكاگوغا كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

بىراق گېرخاردىت ئۇنى رەت قىلدى.

گېرخاردىتنىڭ رەت قىلىشى جىننىنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. رېستو بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، دادىسىنى ئىزدەپ كلىۋېلاندقا بېرىش قارارىغا كەلدى. جىننى دادىسىنىڭ زاۋۇتنىڭ بىر قاپقارالغۇ ئىشىكىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى، ئۇچىسىغا چاڭ ـ توزانغا مىلەنگەن تاغاردەك بىرنېمىنى كىيىۋالغىنىنى، ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى، ھورپىيىپ كەتكەن قاشلىرىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېچىشتى، «بىچارە دادام!» دەۋەتتى ئىچىدە.

ـــ نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ـــ دېدى گېرخاردىت قىزىغا چۆچۈگەن ھالدا كۆز تىكىپ:

ـــ مەن سىزنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، ـــ دېدى جىننى، ـــ بىزنىڭ ھازىر شۇنداق ياخشى ئۆيىمىز بار، ۋىستامۇ شۇ يەردە، ھەممىمىز بىرگە بولساق نېمىدېگەن ياخشى.

ـــ ئەمىسە ئېيتقىنا، سەن زادى توي قىلدىڭمۇ ـ يوق؟

— توي قىلدىم، — دېدى جېنىنى، — يالۋۇرغان قىيافەتتە، — بۇرۇنلا توي قىلغان، بارغاندىن كېيىن رېستودىن سورىسىڭىز بولىدۇ، دادا، مەن بىلەن كېتىڭ.

— بوپتۇ، بارسام باراي، — ئۇ شۇنداق دەپلا يىغلاپ سالدى.

گېرخاردىت خىد باغچىسىدىكى قەسىرگە كۆچۈپ كېلىش بىلەنلا، تەبىئىي هالدا ئوچاقتا ئوت قالاش ۋە هويلا تازىلاش ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولدى، بىكارچىلىق هېس قىلمىدى.

جېنىنى بىلەن رېستو بۇ يېڭى تۇرالغۇغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ پەتىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمىدى. رېستونىڭ پىكرى بويىچە، ئۇلار ئەر — خوتۇندەك بولۇپ يۈرىدىغان بولدى. ۋېستا جېنىنىنىڭ ئاۋۋالقى ئېرى شىدولف ئەپەندىدىن بولغان، دۇنياغا كۆز ئېچىپلا يېتىم بولۇپ قالغان قىز بولىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ۋاقىت ئۆزارغانسېرى پەتىلەپ كېلىدىغان مېھمانلار كۆپەيدى، جېنىنى تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ كۆپەيدى، پەيدىنپەي ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا بەزى مىش — مىش گەپلەرمۇ يېتىپ كەلدى. دەرۋەقە، جېنىنىنىڭ هازىرقى ئورنى، چىرايلىق قورۇ — جايى، رېستونىڭ بايلىقى، ۋېستانىڭ گۈزەل رۇخسارى بۇنداق پايدىسىز ۋەزىيەتنى بېسىپ تۇرالايتتى. جېنىنى بۇ مەزگىللەردە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ، كىشىلەردە ئوبدان تەسىرات

قالدۇرغاچقا، ئانچە ئاۋارىچىلىك تارتمىدى. شۇغىنىسى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىمۇ بار ـ دە، بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايتتى.

بۇ گەپ ئاخىر بىر كۈنى تېشىلدى. شۇ كۈنى ۋىستا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا سورىدى:

ــ ئاپا، مېنىڭ دادام كىم؟

جىننى شۇ زامان سىرتتا گەپ ـ سۆز بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ قالدى ـ دە:

ــ نېمە دەپ بۇنى سوراپ قالدىڭىز؟ــ دېدى.

ــ بىر ساۋاقدىشىم مېنى سېنىڭ داداڭ يوق، دەيدۇ، سىزنى مېنى تۇغقان چاغدا توي قىلمىغان ئىكەن دەيدۇ، تېخى مېنى ھەقىقىي قىز بالا دېگىلى بولمايدۇ دەۋاتىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىمنى شۇنداق كەلتۈردىكى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى بىر شاپىلاق سالدىم.

بۇلارنى ئاڭلاپ جىننىنىڭ چىرايى جىددىي تۈسكە كىردى، قىزىغا ئالدىراپ چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:

ــ ساۋاقداشلىرىڭىز جۆيلۈپتۇ. خەقنىڭ بالىلىرى بىلەن ئۇرۇشماڭ، ئۇرۇشقاندىن كېيىن ئۇلار ئەلۋەتتە يامان گەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىمىسىڭىزلا بولدى، ئۇمۇ سىزگە ھېچنېمە دېمەيدۇ.

بۇ ئۇنچە تولۇق بولمىغان چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ۋىستا ھازىرچە قانائەتلەنگەندەك بولدى.

ۋىستا نېرى كەتتى، جىننى ئۆزى يالغۇز قېلىپ،

ھېلىقى گەپلەرنى قايتا ـ قايتا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. قولۇم ـ قوشنىلار ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆز ـ چۆچەك قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟!

بىر كۈنى جېنىنى تام قوشنىسىنىڭكىگە پەتىگە كىرىۋىدى، بىر ئىسىلزادە خانىمنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى، ھەتتا ئۇ ئۇنىڭ يارىسىنى تاتىلاپ، ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق قوشنىلار ئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىشنى پۈتۈنلەي توختىتىش قارارىغا كەلدى. ئەينى چاغلاردىكى ھېلىقىدەك ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قايتا ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭغا پۈتكۈل ھاياتى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. رېستونىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتى زادىلا يوق، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېنىق بېكىتىش ئويىمۇ يوق. ئۇ مەيۇسلەندى ۋە ھەسرەت چېكىۋاتقاندەك بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولارىنى ھەقىقەتەن بىلگىلى بولمايتتى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، ئىشلار يەنە شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىۋەردى. بۇ كاتتا ئىمارەتنى، مۇنۇ تەكشىلەنگەن چىملىقنى، خاتىرجەم دادىسىنى، شاد ـ خۇرام ۋىستانى، پۈتۈن كۈن ئالدىراش ئۆتىدىغان رېستونى كۆرگەندە، جېنىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپاتتى. قىسقىسى، بۇ گۈزەل ئائىلىدە تىنچلىق ھەم مەمۇرچىلىق ھۆكۈم

سۇرۇۋاتاتتى.

ۋىستا پىئانىنو چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى، ھازىر خېلىلا ئوبدان چالىدىغان بولۇپ قالدى. گېبرخاردىت بىرمۇنچە ۋەزىپە بىلەن پايپېتەك بولۇپلا يۈرەتتى، چۈنكى ئائىلىنىڭ بارچە ئىشلىرى ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاندىن جايىغا چۈشەتتى.

گەرچە جەمئىيەتتە تەتۈر قويۇن باش كۆتۈرگىنى بىلەن، جېننى مۇشۇ مەزگىللەردە ھاياتىدىكى شېرىن چۈش كەبى تۇرمۇشنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. رېستو ئۆزىنىڭ مۇشۇ قىلىۋاتقانلىرى توغرۇلۇق گاھى چاغلاردا ئەندىشىدىن خالىي بولالمىسىمۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت مۇلايىم، سەگەك ئىدى، بەلكى بۇنداق ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن راسا بەھر ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى يەنە بىر ياخشى ئەھۋال شۇكى، رېستونىڭ ۋىستاغا بولغان ھېسسىياتى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. قىزچاق تېپىشماق تېپىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئۈچقۇلاق ئوت ئارىسىدىكى چوشقا، ئۆمۈچۈك ئۇۋىسى، بوۋاقنىڭ رەڭتىكە ئېتىشى دېگەنگە ئوخشاش تېپىشماقلارنى يېشىپ ئوينايتتى. رېستومۇ بۇ ئويۇنغا قاتنىشىپ قويۇپ يۈرۈپ، لېكىن تەستە تاپاتتى. رېستو بۇ يەتتە ياشلىق قىزچاقنى تىزىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىدى، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى پا-

كىتلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، قارىماققا توغ-رىدەك، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان گەپلەرنى قىلىپ، بۇ بالىنىڭ قانداق جاۋاب بېرىشىنى سىناپ باقاتتى.

— سۇ دېگەن نېمە؟ — دەپ سورايتتى ئۇ.

ۋىستا ئۇنىڭغا: «بىز ئىچىدىغان نەرسە» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بىر كۈنى رېستو:

— بۇ بالىنىڭ مىجەزى تېتىك، شوخ، ئۇنىڭغا رەڭگى بەك سۈس كىيىملەرنى كىيگۈزمەڭ، — دېدى جېنىنىغا. شۇنىڭ بىلەن جېننى كىيىم - كېچەكلەرگە ئائىت ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك-لىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. چۈنكى، نېمىلا بولمىسۇن رېستو بالىنىڭ ئۆگەي دادىسى - دە.

شۇڭا ھەر قېتىم بالىغا كىيىم كىيدۈرگەندە، جېننى ۋىستاغا:

— مېڭىڭ، بېرىپ دادىڭىزغا «چىرايلىق بولدۇم-مۇ؟» دەپ كۆرسىتىپ بېقىڭ، — دەيدىغان بولدى.

ۋىستا رېستونىڭ ئالدىغا بېرىپ شوخلۇق قىلىپ بىر پىقىرىۋەتكەندىن كېيىن: «قاراڭا» دەيتتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، گان جەمەتىنىڭ رېستونىڭ بۇنداق تاپتىن چىققان تۇرمۇشىغا بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. ھامان بىر كۈنى شەر-مەندە بولىدىغانلىقى ئۇلارغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

تاشقىرىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر خېلى ئۇلغىيىپ قالدى
كىشىلەر گەرچە بىۋاستە دېمىگىنى بىلەن، كۆڭلىد
ھەممىنى بىلىپ بولغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رېستونىڭ ئائىلىسىد
بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئالدى بىلەن لۇئىزا تو
قىلىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا رېستونىڭ ئانىسى ئا
لەمدىن ئۆتتى.

ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى كۆزلەپ، گان بوۋاي
رېستوغا خەت يېزىپ، بىر كېلىپ مېنىڭ بىلەن ئەھ
ۋاللىشىپ كەتكەن بولساڭ، دەپ چاقىردى. بوۋاي ئەگە
رېستو قىلىقىنى يەنىلا ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغ
قالدۇرماقچى بولغان مىراسنى قايتۇرۇۋېلىشنى بۇرۇن
كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

رېستو ئۆيگە تېزلا قايتىپ كەلدى.

— مەن سېنىڭ بىلەن يەنە بىر مەرتەم سۆزلىشە
دېگەنىدىم، رېستو، بۇ دورەمقى سۆزۈمنىڭ تېمىسىنى
ئوتتۇرىغا قويۇش ماڭا خېلى تەس كېلىۋاتىدۇ، — بوۋا
گەپنى شۇنداق باشلىدى، — مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئى
كەنلىكىمنى بىلىدىغانسەن؟

— ھەئە، بىلىمەن، دادا، — رېستو سوغۇق قانلىق
بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— رېستو، ئاناڭمۇ تۈگەپ كەتتى، — بوۋاي ئۇدۇل
گەپ ئاچتى، — سېنىڭ نىكاھ ئىشىڭنى سورىماي تۇ

لمايمەن، سەن ئۇ ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتىسەن، نداق قىلىشىڭدىكى سەۋەبىڭ نېمە؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىنىشىم مۇمـ ـىن، — دېدى رېستو.

— نېمە؟ مۇمكىن ئەمەس! — دېدى بوۋاي، كۆچەپ ىروۇپ كەتتى، — ئىشەنمەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ـلدىن بېرى بىرگە تۇرۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي ـلىمەن دەۋاتامسەن؟ ئەگەر مۇشۇنداق قىلىدىغان ئويۇڭ ىلسا، نېمىدەپ دەسلەپتىلا شۇنداق قىلمىدىڭ؟ شۇ ئا ـ لىنىڭ كاساپىتىدىن ئاتا ـ ئاناڭغا ھاقارەت كەلتۈردۈڭ، ىتۈن ئائىلىنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلدىڭ، ئاناڭنى كېـ ـەل قىلىپ ئۆلتۈردۈڭ، ئىشلىرىڭنى زىيانغا ئۇچراتـ ـىڭ! ئەمدى يەنە شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن داۋاتامـ ـەن، نېمە دېسەم بولار؟

— ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇنچۇ، دادا، — رېستو سۆز الدى، — مەن توي قىلمىدىم، ھازىر تېخى ئۇ دەرىجىگە ېرىپ يەتكىنىمىز يوق. ئۇغۇ ئۇنچە ئەسكى ئايال ئەـ ـەس، سىلەر پەقەت سىڭلىمنىڭ تەسۋىرلەشلىرىنىلا اڭلىدىڭلار.

— تازا ئېنىق بىلىمەن، — بوۋاي گېپىدە چىڭ ۇرۇۋالدى، — ھېچقانداق بىر ياخشى ئايالنىڭ ئۇنىڭغا وخشاش ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيدىغىنىنىمۇ بىلىمەن. ـۇنى بىلىپ قويغىنىكى، ئۇ پەقەت سېنىڭ پۇلۇڭنىلا

كۆزلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە كېرەك بولاتتى؟

— دادا، — گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نومۇس قىلغىنىدىن ھەم غەزەپلەنگىنىدىن رېستوننىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى، — نېمىشقا مۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز، سىز ئۇنى كۆرمىگەن، سىز بىر ياخشى ئائىلىگە ئۇۋال قىلىۋاتىسىز، ئۇنىڭغا ئادىللىق قىلمايۋاتىسىز.

— ئادىللىق؟ ئادىللىق؟ — بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — ئەمدى ئادىللىقتىن گەپ ساتقىلى تۇر-دۇڭمۇ؟ سېنىڭ بىر جالاپ بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتۈۋاتقى-نىڭ ماڭا قىلغان ئادىللىقىڭما؟ ئائىلىمىزگە قىلغان ئادىللىقىڭما؟ ئۆلۈپ كەتكەن ئاناڭغا قىلغان ئادىلل-قىڭما؟ سەن مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتىڭ.

— بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، دادا، — دېدى رېس-تو، — سىزمۇ مېنى ھۆرمەت قىلىپ قويۇڭ، ئۇ جالاپ ئەمەس، ئەگەر مۇنداق گەپلەرنى قىلىۋەرسىڭىز، ھازىرلا كېتىمەن، مېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتىم يوق.

بوۋاي تىنچلىنىپ قالدى. ئۇ گەرچە ئوغلىنىڭ قىلىقلىرىغا قارشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكرىگىمۇ ھۆر-مەت قىلاتتى، ئۇ گەپ باشلىدى:

— مەيلى ئەمىسە، سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىرگە تۇرۇۋەرسەڭ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان بولساڭ، ئاكا-سىڭ-

ئۆلۈمنىڭ بىلەن بىللە مىراسقا ئېرىشەلمەيسەن. قېنى ئەمىسە، ئۆزۈڭ بىر يولنى تاللا. لېكىنزە مەندىن ئاغ-رىنىپ يۈرمە، مەن سېنىڭ داداڭ. مەن سېنى جېنىم-دىن ئەزىز كۆرىمەن. مەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلماقچىمەن. ئەمدى بېرىپ پۇختىراق ئويلاپ، جاۋابىنى كېيىن بېرەرسەن.

رېستو ئۇھ تارتىپ قويۇپ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇر-دى.

بوۋاي ئوغلىنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ گې-پىنىڭ چىڭ يەرگە بېرىپ تەگكەنلىكىنى بىلدى، لې-كىن ئۇ ئۆز تەشەببۇسىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش قارا-رىغا كېلىپ بولغانىدى. رېستونى تەسىرلەندۈرۈشنىڭ زادى مۇمكىن ياكى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۆزىمۇ ھېچ بىلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە: بەلكىم ئۇ نى-يىتىدىن يېنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

رېستو چىكاگوغا قايتىپ كەلدى. ئۇ دادىسىنى قات-تىق رەنجىتىپ قويغىنىنى بىلەتتى. دادىسى ئۇنى مى-راسقا ۋارىسلىق قىلدۇرمايدىغان بولدى، بۇ قورقۇتۇپ قويغىنىمىدۇ ياكى ھەقىقەتەن شۇنداق قىلامدۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى.

بىر كۈنى رېستو دوستى بىل تاۋچى بىلەن ئۇچ-رىشىپ قالدى.

— رىستو، ئاڭلىسام توي قىلىۋاپسەن، راستـ-
مۇ؟ — سورىدى دوستى كۆڭۈل بۆلگەن تەلەپپۇزدا.

— نەدىكىنى؟ بۇنداق ئىش يوق، — رىستو ئىرەڭـ-
شىمىگەن هالدا جاۋاب بەردى هەمدە دوستلىرىنىڭ بۇ گەپىنىڭ ئىز - دىرىكىنى ئالىمەن دەپ يۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلدى.

— بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، — دېدى دوسـ-
تى، — بۇمۇ هەربىر ئادەمنىڭ ئارزۇ - هەۋىسىگە باغلىق ئىش. ئىككىمىزنى كەيپىمىز هالدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز-
لىشىپ، ئۆز يولىغا كېتىپ قالدى.

يەنە بىر دورەم، رىستو ئىنتايىن قىيىن ئەهۋالدا قالدى. دوستلۇق كۇلۇبىدا بىر كونا تونۇشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تونۇشى مەنمەنچى بىرنېمە ئىدى، ئۇنى كۆرۈپلا:

— هوي، رىستو! — دېدى قاتتىق ئاۋازدا، — سەن دائىم يېتىلەپ يۈرىدىغان هېلىقى كىچىككىنە ساهىب-
جامالغا ئۆيلەنمىگەن بولغىيدىڭ - هە؟ مەن باغلىشىمەن، سەن ئۆيلىنىۋاپسەن.

— تىلىڭنى تارت، — دېدى رىستو غەزەپ بىلەن، — شۇ تاپتا ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىسەن.

رىستو ئۆمرىدە بۇنداق بىهۆرمەتلىككە ئۇچرىمىغانىدى. ئۇ جىنىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئاز قۇربان بەرمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

## 11

بىراق بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىش ئارقىدا تېخى. ئامېرىكا جامائەتچىلىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىشقا تازىمۇ ئامراق، ھالبۇكى، گان جەمەتى دەل مال ـ دۇنيا ھەم نام ـ نەسەبنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بار مەشھۇر ئائىلە ئىدى. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان، گان ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق مىراسخورلىرىدىن بىرى «بىر دېدەك بىلەن توي قىلىۋاپتۇ» دېگەن بۇ گەپ بىر مەھەل ئاجايىپ خەۋەر سۈپىتىدە ئەتراپقا تارقىلىپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ھەممىدىن بۇرۇن مەخسۇس جەمئىيەت خەۋەرلىرىنىلا باسىدىغان «شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى خەۋەرلەر» ناملىق كىچىك گېزىت ئاشكارىلىدى. ئۇلار رېستوننىڭ ئىسمىنى خۇپىيانە تۇتۇپ، سىنسىنناتىدىكى مەشھۇر ھارۋا ـ ۋاگون شىركىتىنىڭ ئوغلى بىر دېدەككە ئۆيلىنىۋاپتۇ، خانىمىنىڭ سەرگۈزەشتىسى تازا ئېنىق ئەمەس دەپ يازغانىدى. ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئۇنىڭ خانىمى ئىلگىرى كلېۋېلاندتىكى مەلۇم بىر قەسىردە دېدەك بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كولۇمبودا ئىشچى بولغان ئىكەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇنداق رومانتىك مۇھەببەت ۋەقەسى دەل بىزنىڭ

ئىسىلزادىلەر جەمئىيىتىمىزدە يۈز بەرمەكتە، بۇ، زاما-نىمىزدىكى ئەپسانىۋى چۆچەكتۇر....»

بۇ گېزىتنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر بىمەنە مۇ-ھەررىر بۇ ھېكايىنى راسا مۇبالىغىلەشتۈرۈپ چىقتى. ئۇ نەشر قىلغان گېزىتىدە، چوڭ خەت بىلەن بېسىلغان «بىر دېدەككە كۆيۈپ قېلىپ مىليون دوللارلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ مېھرىدىن كېچىش» دېگەن سەرلەۋھەنى بېرىپ، رېستو، جېننى، خىد باغچىسىدىكى قورۇ ـ جاي، سىنسىنناتىكى زاۋۇت قاتارلىقلارنىڭ سۈرىتىنى باستى، ماقالە ئەل ـ جاھاننى بىر مەھەل قالتىس زىلزىلىگە سالدى.

رېستو بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەرسە بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتىنى چاقىرىپ، قانداق قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. جېننى بۇ ئىشتىن ھېلىھەم خەۋەر تاپمىغانىدى، رېستو بۇنى ئۇنىڭغا دېمىگىنىم ياخشى دېگەن ئويدا ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىر قوشنىسى بۇ خەۋەرنى ئوقۇغانلىقىنى جېننىغا دەپ قويدى. گېزىتتە «باي بىلەن دېدەكنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى» دېگەن ماۋزۇ بېرىلگەن، سول تە-رەپكە رېستونىڭ سۈرىتى، ئوڭ تەرەپكە جېننىنىڭ سۈرىتى بېسىلغانىدى، بۇ سۈرەتلەرنى گېزىت خادىملى-رى ئوغرىلىقچە تارتىۋالغانىدى.

گېزىتنى كۆرۈپ، جېننى جايىدا قېتىپلا قالدى.

بىر كۈنى كەچتە رىېستو ھېلىقى گېزىتنى ئالغاچ كېتىپ، بۇ ئىشنى جېنىنىغا بىلدۈرۈپ قويماقچى بول- دى، ئاندىن جېنىنى رىېستونىڭ بۇ خەۋەرنى كۆرگەنلى- كىنى بىلدى.

— بۇنىڭدا مېنىڭ پوزىتسىيەم ھەققىدىكى تەس- ۋىرلەر بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك قىلامدۇ، — نېمە؟ — دېدى رىېستو، — مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىشقىۋاز رومېئو ئىكەنلىكىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن.

— مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدى جېنىنى ئازابلىق ھالدا. رىېستو ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئا... ھاي، كۆڭلىڭىزنى بۇزمىسىڭىزچۇ، — دېدى رىېستو سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنچە ئويلاپ كەتكۈچىلىكى يوق. ئېھتىمال ئۇ خەقلەردىمۇ ھېچقانداق يامان غەرەز يوقتۇر. بىز ناھايىتى مەرتىۋى- مىزنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى خەقنىڭ ئاغزىغا چى- قىپ قالدۇق، شۇ.

مۇشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، رىېستو دادىسىنىڭ ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان- لىقى ھەققىدىكى ئائىلىسىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇ- رۇۋالدى. خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال دادى- سىنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشلىرى بەك بېسىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن،

بېرىشقا زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇ-سىبەت خەۋىرى يېتىپ كېلىۋىدى، ھەسرەت ئوتىدا پۇ-چۇلاندى. ئۇ ھەسرەت ـ نادامەت يىغىسىنى تۆككىنىچە ئائىلىسىگە قايتىپ باردى.

دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ۋەسىيەتنامىنى دەرھال ئېلان قىلىش قارارىغا كېلىشتى. رېستو ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى قانۇن ئىشلىرى ئىش-خانىسىغا باردى. ئادۋوكات ئوبالىئان ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ۋىجىك كەلگەن بۇ ئادۋوكات گان بوۋايغا قانۇن مەسلى-ھەتچىسى بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولغان-دى، شۇڭا ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى.

بۇ ۋەسىيەتنامىنى ئۆزگىچە ۋەسىيەتنامە دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ياللانما ئىشچى، چاكارلارغا بېرىلىدىغان ئازغىنە پۇل ـ پۇچەك، ئاندىن بوۋاينىڭ قىزلىرىغا بېرىدىغان مىراسى، ئاخىرىدا روبېرت ۋە رېستولارنىڭ مىراسى تىلغا ئېلىنغانىدى.

ۋەسىيەتنامىدە مۇنداق يېزىلغانىدى: *«ئوغلۇم رېس-تونىڭ ئىشى چاتاق بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكۈمنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى مەلۇم شەرت ئاستىدا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى توغرا تاپتىم. رېس-تونىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاكىسى روبېرت رېستو قوشۇم-چە شەرتكە ئۇيغۇنلاشقانغا قەدەر ساقلاپ بېرىدۇ.»*

كېيىنچىرەك، ئادۋوكات يەنە رېستوغا دادىسى بې-كىتكەن قوشۇمچە شەرتلەرنى ئايرىم ئۇقتۇردى. بۇ شەرتلەر مۇنداق ئىدى: «*رېستوغا ئۈچ يىلغىچە ھەر يىلى ئون مىڭ دوللار تۇرمۇش خىراجىتى بېرىلىدۇ، مۇشۇ مەزگىلدە، ناۋادا ئۇ جېنىنىدىن ئالاقىسىنى ئۈزسە، ئۇ-نىڭغا تېگىشلىك بىر ئۈلۈش مال-مۈلۈكنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ. ناۋادا جېنىنى بىلەن توي قىلسا، ھەر يىلى ئون مىڭ دوللار تۇرمۇش پۇلى بېرى-لىدۇ. بۇ خىراجەتتىن رېستو ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. بۇ مىراس رېستو ۋاپات بول-غاندىن كېيىن قانۇن بويىچە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.*»

رېستو بۇ ۋەسىيەتنامىدىن ئەجەبلەندى، ھەتتا «خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ-يە» دەپ شۈبھىلەندى.

بۇ ئىش رېستوغا بىر چېلەك سۇ چېچىۋەتكەندەك تەسىر قىلدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى زورىغا خاتىرجەم كۆرسىتىپ ئورنىدىن تۇردى. كۆپچىلىك بۇ ئىشتا رېستونىڭ ئۆزىدىن كەتتى، بۇ دادىسىنىڭ ئاچ-چىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنىڭ جاجىسى، دېگەن قاراشتا ئىدى.

جەمەت مەجلىسى تارقالدى، رېستو كۆڭلىدە ھې-سابلاپ كۆردى، ئۇ «رېستوگان ھەر يىلى ئون مىڭ دوللارغىلا ئىگە بولارمىش، يەنە تېخى ئۈچ يىللا مۆھلەت

بېرىلىپتۇ، يىلدا ئون مىڭ دوللار، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — يا پەرۋەردىگار، ھوشىيارراق بىرەر بوغالتىرمۇ شۇنچىلىك ئالالايدۇ، ئۇ ماڭا ئاخىر مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلماقچىمدى.»

ۋەسىيەتنامىدىكى ھېلىقىدەك زورلۇق ۋاستىسى رېستوننىڭ يۈرىكىدە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويدى. بۇ قېتىمقى زەربە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېنىق تونۇتتى. ئۇ جېننى بىلەن توي قىلىشنى خالىغانمۇ بولسۇن، ئۇنداقتا، ئۇ ئاشۇ ئەرزىمەس ئون مىڭ دوللارنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولارمۇ؟ جېننىنى تاشلىۋېتىپ، تۆتتىن بىر ئۈلۈش مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش كېرەكمۇ؟ ئۇ بۇ ھەقتە تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى.

رېستو مېيىتنى ئۇزىتىۋېتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، جېننى ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغىنىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قەدەر بوشىشىپ كېتىشىنى يالغۇز مۇسىبەتتىن بولغان دېگىلى بولمايتتى. جېننى سوراپ باقماقچى بولدىيۇ، خاپىلىقنى كۆچەيتىۋېتىشتىن قورقتى، شۇڭا ئۇ پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ھەمراھ بولۇپلا بېرەلىدى.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ كەسپىي

ئىشلىرىنى تەكشەش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئىلىپ بېرىلدى. رېستو جېننى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەيدىغان بولسا، ۋەسىيەت بويىچە ئۇنىڭ پېيى بولمايدىتى، پەقەت يالالنغۇچىلا بولالايتتى، ئۇنىڭ مۇدىرىيەتكە قاتنىشىش سالاھىيىتىمۇ بولمايتتى، بۇلارغا چىداپ تۇرغىلىمۇ بولمايتتى، شۇڭا رېستو ئاكىسىغا خەت ئەۋەتىپ ئىستىپا سورىدى.

روبېرت ئۇكىسىنىڭ ئىستىپا سوراپ يازغان خېتىنى كۆرۈپ، رېستونىڭ گەپنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىدىغان خاراكتېرىغا ئاپىرىن ئوقۇسىمۇ، شۇنىسى ئۇنىڭ ئېھتىياتچان بولمىغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ كەتمىدى. روبېرت ئىنسان مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسە، ئاز ـ تولا ھىيلە ـ نەيرەڭنى ئىشقا سالمىسا، تەدبىرلىك بولمىسا، شەپقەتسىزرەك بولمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.

روبېرتقۇ رېستونىڭ ئىسىللىقىغا كۆڭلىدە ئىقرار، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ رېستونى خاراكتېرى قاتتىق، توغرا ئىش قىلىدۇ، سىر ساقلاشنى بىلمەيدۇ، دەپ ياقتۇرمايتتى.

روبېرت ئۇزاق باش قاتۇرغاندىن كېيىن، ئىنىسىغا ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدا خەت يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ قارار قىلالمايدىغانلىقىنى،

پايپچىكلارنىڭ پىكرىنى ئالماقچى ئىكەنلىكىنى دەپلا تو-
گەتتى.

رېستو بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىچىدە
ئاكىسىغا لەنەت ئوقۇدى. روببېرت قەستەن گەپ يورغى-
لىتىۋاتىدۇ، ئۇ زادى نېمە غەرەزدىدۇ، دەپ نارازى بولدى.
رېستو قەتئىي ئىستېپا بېرىش قارارىغا كېلىپ ئاكى-
سىغا يەنە خەت ئەۋەتتى. خېتىدە، ئاكىسىنىڭ بۇ يەردى-
كى ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا ئادەم ئەۋەتىشىنى ئۆتۈندى.
خەتنى ئەۋەتىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، روببېرتنىڭ ئىشى-
نى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىشكە قوشۇلغانلىقى توغ-
رىسىدىكى خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

رېستو ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇلاھىز قىلىپ،
ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن ياۋروپادا ساياھەت قىلىش
قارارىغا كەلدى.

ئۇ قولىدىكى ئىشلارنى تاپشۇرۇۋېتىپ، جېننى بى-
لەن ساياھەتكە يول ئالدى. ئۇلار يول بويى ئۇچراتقان
ھېسابسىز كۆپ يېڭى شەيئىلەرنى كۆرۈپ، خۇشلۇقى
ئىچىگە پاتماي كەتتى، بۇ خىل يېڭىچە تۇرمۇشتىن
قانغۇدەك بەھرىلەندى.

## 12

رېستو بۇ سەپىرىدە، ئۇ جېننى بىلەن تونۇشۇشتىن

ئىلگىرى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ كەلگەن قىز — لېيتـ-
تى بىس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

رېستو ئۇنى كۆرمىگىنىگە خېلى يىللار بولغانىدى، بۇ مەزگىلدە ئۇ تۆت يىل مالكولم گرالد خانىم بولۇپ، كېيىنكى ئىككى يىلدىن بېرى ئېرىدىن ياشلا تۇل قېلىپ، تۇللۇق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرى باي ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئايالى پۇتۇن مىراسنىڭ ئىگىسى بولغانىدى، لېيتتى بىس بىر بالىنىڭ، يەنى بىر قىزچاقنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان، ھازىر ئۇ بالىنى بالا باققۇچى دېدەككە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ساياھەتكە چىققانىدى. لېيتتى گرالد قابىلىيەتلىك، گۈزەل، نازاكەتلىك، سەنئەت بابىدا يېـ-
تىشكەن ئايال ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ رېستونى ئۆلگۈ-
دەك ياخشى كۆرەتتى.

رېستونىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتساق، لېيتتى بىس، يەنى ھازىرقى گرالد خانىم ئەزەلدىن ئۇنىڭدا گۈزەل ھەم يېقىملىق تەسىرات قالدۇرغان قىز ئىدى. رېستو ئەينى چاغلاردا ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىدەپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىدىكىنە؟ بۇ سوئالغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى.

ئالتە يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن، ئۇنى يەنە ئۇچراتتى، رېستو ئۇنىڭ توي قىلغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن

ئاڭلىغان، ئۇمۇ رېستوننىڭ غەيرىي مۇناسىۋىتىدىن ئاز ـ
پاز خەۋەردار، رېستو بىر ئايال بىلەن چىكاگودا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭ تەئەللۇقاتتىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ، بۇ يەردە قايتا ئۇچرىشىپ قالغىنىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كېتىشتى، بۇلار ئىلگىرى ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىدى، لېتتى ئۇنى ھېلىھەم ياخشى كۆرىدىكەن — بۇنىسى ئېنىق، رېستومۇ ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەتتى.

ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى، جېننى لېتتى بىسىنىڭ رېستوغا بۇنچىۋالا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ قىلىشىدىغان جىق پاراڭلىرى بارلىقىنى پەملىدى ـ دە، ئاجايىپ بىر ئىشنى قىلدى:

— مېنىڭ سىلەردىن بىرپەس ئايرىلىشىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماسسىلەر ـ ھە؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئويلىسام، ياتاقتا يىغىشتۇرۇلمىغان يەنە بىرمۇنچە نەرسە قاپتۇ، مەن دىككىدە بېرىپ كېلەي.

جېننى ياتاققا كەتكەندىن كېيىن، رېستو بىلەن لېتتى بىر ـ بىرىگە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

—سىز ھازىر ئۆيلىنىۋاپسىز، — دېدى لېتتى يۇرەكلىك ھالدا، — راستىنى ئېيتسام، ئەينى ۋاقىتتا، مەن سىزنى ماڭا تەكلىپ قويىسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىپ

يۈرگەنىدىم، سىز ئېغىز ئېچىپمۇ قويمىدىڭىز.

— بەلكىم جۈرئىتىم يەتمىگەن بولسا كېرەك، — دېدى رېستو ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قانداق بايان قىلىشنى بىلەلمەي. رېستو ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇ تاپتا ئۇ رېستودا، ساھىبجامال، نازاكەتلىك، تەبىئىي، زېرەك، زەررىچە نۇقسانىدىن خالىي، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىۋاتاتتى.

— سىلەر كۆڭۈللۈكمۇ؟—لېتتى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— كۆڭۈللۈك دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى رېستو كەيپىياتى پەسلەپ كەتكەن ھالدا.

لېتتى رېستوغا تىكىلگىنىچە ئويغا چۆمدى، گەرچە ھازىر ئارىغا جېنىنى قىسىلىۋالغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئەسلىگە كەلمەيدۇ دېگىلى بولماس-ھە؟ بىر زامانلاردا ئىككىيلەن خۇددى قەدىناس ئەر-خوتۇنلاردەك ياكى ياش ئاشىق-مەشۇقلاردەك يېقىن ئۇلتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كېتىدىغان. ياق، جېنىنىڭ لېتتىنى بېسىپ چۈشۈشكە يول قويماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ رېستوغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە دەل مۇشۇ مەنە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

رېستومۇ ئۇنىڭغا ئەلەملىك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. جېنىنى قايتىپ كەلدى، جېنىنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىز

بىر تۇيغۇ غىدىقلاپ ئۆتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن: «بۇياق رېستونىڭ كونا يارى بولۇشى ئېھتىمال. رېستو تاللاشقا تېگىشلىك قىز مەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىكەنتۇق. رېستو ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسا، ئوخشاشلا كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، بەلكى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولار ئىكەن» دېگەن ئوي كەچتى.

جېنىنىڭ تەلەيلىكلىكى لېتتىنىڭ يۈرىكىدە كۈچلۈك ھەسەت ئوتىنى ياندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭدا رېستو شۇ تاپتا ئىلگىرىكىدىنمۇ سۆلەتلىك، ۋەزمىن، ساغلام، جەلپكار بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىسى، ئۇ بويتاق بولغان بولسىچۇ كاشكى، شۇنداق بولغىنىدا، كونا مۇھەببەت ئوتى قايتا يانار ئىدى، دېگەن ئويلار پەيدا بولدى. دەل مۇشۇ پەيتتە رېستودىمۇ بەلكىم ئىختىيارسىز ھالدا شۇنداق خىيال پەيدا بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى، پاراڭلىشىۋېتىپ، لېتتى خورسىنغان ھالدا:

— قاراڭ، قەدىرلىكىم! بەزىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالىمەن. مېنىڭ يەنە تۇرمۇشقا چىققۇم يوق. مەن بىلەن توي قىلغۇدەك ئادەممۇ قالمىدى، — دەپ سالدى. مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ رېستوغا لاپپىدە بىر قارىدى ـ دە، ئاندىن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

— سىزدەك مۇشۇنداق ھەم كېلىشكەن، ھەم پۇلدار



گۈزەللىكنى ئالىدىغان ئادەم چىقماسمۇ، سىز قاندىقىنى تاپماقچىسىز كىن ـ تالڭ؟ — دېدى رېستو.

— ئوھوش، رېستو، بولدى قىلىڭا، سىز ھازىرمۇ تانسا ئويناپ قويامسىز؟ — لېتتى بۈگۈن كەچتە سارايدا تانسا بولىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىچىلا سوراپ قالدى.

— مېنىڭ تانسا ئوينىمىغىنىمغىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتتى. ماڭا ئوخشاش مۇشۇ ياشتىكى كىشىلەرنىڭ تانسا ئوينىمىقى خېلى مۇشكۈل ئىش بولسا كېرەك، —دېدى رېستو.

— ۋايىەي، قويۇڭا، رېستو، — دېدى گرالد خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، — بۇنداق دېسىڭىز، مەنمۇ ئۆزۈمنى قېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن. گەپنى بۇنداق كەسكىن قىلىۋەتمەڭ. توۋا، ئاران مۇشۇنچىلىك ياشقا كىرگەن ئادەممۇ قېرى ھېسابلىنارمىش تېخى.

— ەن سىزنىڭلا گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، ئەزىزىم.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيسىزدە، — دېدى رېستونىڭ كونا مەشۇقى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى رېستو بىلەن لېتتى تانسىخانىدا پەيدا بولدى، شۇ تاپتا بۇلار بەئەينى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان بىر جۈپ ئىدى.

«رېستوغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئايال دەل شۇ، — دەپ ئويلىدى جېننى تانسا ئويناۋاتقان لېتتىگە قاراپ.»

ئۇ خىيالغا چۆكۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلىگىلى تۇردى. ئۇنىڭغا بىر تۇرۇپ ئۆتكەن ئىشلار گويا چۈشتەك بىلىنسە، بىر تۇرۇپ ئۆزى ھېلىھەم چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. رېستو نېمە ئۈچۈن ماڭا شۇنچە چىڭ يېپىشىۋالدىكىنە؟ ئۇنىڭ يادىغا كولۇمبودا كۆمۈر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرى كەچتى. مانا بۈگۈن ئاخشام ئۇ مىسىردا، مۇشۇ كاتتا سارايدا تۇرۇۋاتىدۇ، رېستو ئۇنىڭغا ھېلىھەم شەيدا. بۇ نېمە ئۈچۈن ـ ھە؟

جېننى يەنە خىيال سۈردى: ناۋادا ئۇ كېتىپ قالسا، رېستو ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى دۇنياسىغا، يەنى بايатىن ئۇنىڭ بىلەن كېتىپ قالغان ھېلىقى جىلۋىگەر ئايال ياشاۋاتقان دۇنياغا قايتىپ كېتىدۇ. بۇلارنى خىيال قىلغىنىدا، جېننىنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تاراملاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىلا ئۆلۈپ قالغۇسى كېلىپ كەتتى. بۇنداقتا، رېستو ئۇنىڭدىن تەل-تۆكۈس قۇتۇلاتتى.

جېننى دەل مۇشۇ خىياللار بىلەن بەند بولۇپ تۇرغان چاغدا، رېستو ئۇياقتا گرالد خانىم بىلەن قىزنى تانسا ئويناۋاتاتتى. رېستو لېتتىغا سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ياشلىق لاتاپىتى ۋە گۈزەللىكىگە ئىختىيارسىزلا لال بولدى.

— لېتتى، — دېدى رېستو، — سىز ئىلگىرىكىدىنمۇ

بەك گۈزەللىشىپ كېتىپسىز.

— سىز راستىنلا شۇنداق ئويلامسىز؟ — دېدى ئۇ مېيىغىدا كۈلۈپ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق ئويلايمەن، مەن ئاياللارغا خۇشامەت قىلىدىغانلاردىن ئەمەس جۇمۇ، — دېدى رېستو.

— ئۆيگە قاچان قايتىسىز؟ — دەپ سورىدى گىرالد خانىم.

— توققۇزىنچى چېسلا.

— مەن ئەسلىدە كۈزدە قايتماقچى ئىدىم، — دېدى لېتتى، — سىز بىلەن بىر پاراخوتتا قايتساممۇ بولىدۇ.

— بەك ياخشى، سىزنىڭ بىز بىلەن كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. رېستو لېتتىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ خىيال سۈردى: بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ھازىرقىدەك بۇنداق چىرايلىق، بۇنداق مەپتۇن قىلارلىق، بۇنداق باي ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ جېنىنىغا ۋاپاسىزلىق قىلىشنى خالىمايتتى، جېنىنىنىڭ يامان كۆڭلەرگە قېلىشىنى خالىمايتتى.

ئۆيگە قايتىش سەپىرىدە، لېتتى خانىم پاراخوتتا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى، ئۇ رېستو بىلەن بىللە قايتىشنى كېلىشىۋالغانىدى. بۇ، جېنىنىنى خېلىلا ئويغا سالدى. شۇنى جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، ناۋادا ئۇ بۇلارغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، گىرالد خانىم بىلەن رېستو توي قىلغان بولاتتى. نەسەب، سالاھىيەت،

تەربىيەت يېقىمدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇلار تەبىئىي جورا بو-
لالايدۇ، بىراق جېننى رېستوننىڭ ئۇنى ئەمەس، بەلكى
ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ،
بۇنداقتا، بۇ مەسىلىنى ۋاقىتنىڭ ئۆزى ھەل قىلار بەل-
كىم.

رېستو ساياھەتتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئى-
شىغا تۇتۇش قىلدى. دەل مەبلەغ سېلىشقا ھازىرلىنى-
ۋاتقاندا، قانداقتۇر بىر ھارۋا ـ ۋاگون باش شىركىتىنىڭ
ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قالدى، بۇ بىر-
لەشمە شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى روبېرت ئىدى،
شىركەتنىڭ كاپىتالى ئون مىليون دوللارغا يېتەتتى،
ئۇنىڭ يەنە ئالتە ـ يەتتە مىليون دوللار قىممىتىدىكى
مال ـ مۈلكى بار ئىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رېستوننىڭ كۆڭلى
لاسىدە بولۇپ قالدى. ئاكىسى ھارۋا ـ ۋاگون باش
شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان يەردە، پاي قىلىپ
قوشماقچى بولغان بۇ كىچىككىنە زاۋۇتنىڭ قولىدىن نېمە
كەلمەكچىدى؟

كىشىلەر زەربىگە ئۇچرىغاندا، ئەگەر ئۆزى ياشراق
بولۇپ جاسارەت بىلەن ئەمەلىي كۈچىنى ئىشقا سالسا،
بۇ باشقا گەپ. ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغاندا، بۇ باشقا
گەپ. رېستو ئۆزىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرىقى مۇساپى-
سىنى ئويلاپ كۆرگەنىدى، جېنىنىنىڭ زاتىنىڭ

پەسلىكى، ئۆزىنىڭ گېزىتلەردە ھۇجۇمغا ئۇچرىشى، ئائىلىسىنىڭ قارشىلىقى، ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتىدىن مەھرۇم قىلىنغىنى، شىركەتتىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكى، ئاكىسىنىڭ پوزىتسىيىسى، تېخى ماۋۇ باش شىركەت دېگەن نەرسە ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

ئويلاپ كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تىت ـ تىت بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، ئىككى يىلغىچە ئۇ يەنە ھەر يىلى ئون مىڭ دوللاردىن تۇرمۇش پۇلىغا ئېرىشىدۇ، بۇ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا يېتىدۇ، بۇ شۈبھىسىز. بىراق، ئاكىسى مۇشۇنداق كۆز ـ كۆز قىلىپ چېپىپ يۈرگەندە، رېستوننىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى ناتايىن ئىدى. بۇ ئەنسىرىگۈدەك بىر ئىش بولدى. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ئۇ ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقىتىشقا باشلىغانىدى.

## 13

گرالد خانىم چىكاگوغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ئويىدا بولۇپ يۈردى. ئۇ رېستوننىڭ قاملاشمىغان تۇرمۇشى توغرۇلۇق خېلى جىق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىدى. رېستوننىڭ نامرات ئائىلىنىڭ قىزىنى پېشىگە ئېسىلدۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ئولتۇرغىنىغا

ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىنىپ كەتتى. رېستونىڭ بىكار لا-غايلاپ يۇرۇۋاتقىنىغا مانا بىر يىل بولاي دەپ قالدى. يەنە ئىككى يىل ئۆتسە، ۋارىسلىق قىلىش پۇرسىتىدىن تا-مامەن مەھرۇم بولاتتى.

گرالد خانىم چىكاگودىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ بولۇپ، رېستوغا خەت يېزىپ، ئۆزئارا كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇ-رۇشنى ئۈمىد قىلدى.

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، رېستونى سۆ-يۈنۈش ۋە شۈبھە ئارىلاش ھېسلار چۇلغىۋالدى. ئۇ بۇ كەمگىچە لېتتى چوقۇم جىمى ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولدى. ئۇ مەن بىلەن جىننى ئىككىمىزنى بىللە مېھ-مانخانىغا تەكلىپ قىلارمۇ؟ ئۇ: سىز بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرسامكەن، دەپ يېزىپتۇ. دېمەك بۇ جىن-نىنى ھېسابقا ئالمىدى، دېگەن سۆز. ئەمدى ئۇنىڭغا ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئوچۇقلا دەۋېرەي، قېنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ يېقىنچىلىقى قانچىلىك دەرد-جىدە بولۇشىنى ئۇنىڭ ئۆزى تاللىسۇن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

لېتتى چىكاگوغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن رېستو ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا ھازىر بولدى.

— مەن توغرۇلۇق نېمە گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىز، لېتتى؟ — دەپ سورىدى رېستو ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتقان ھالدا.

— ماڭا بىر ئىشنى دەپ بەرسىڭىز، — يەنى جېنىنى بىلەن بولغان ئىشنى، سىز ئۇنى زادى ياخشى كۆرەمسىز ـ قانداق؟ — لېتتى قۇۋلۇق بىلەن سورىدى.

رېستو ئارىسالدىلىق ئىچىدە:

— سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزغا قانداق جاۋاب بېرىدىشىمنى ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن، لېتتى، — دېدى ئۇ، — ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمما مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىزگە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن شۇنى ئېيتالايمەن، مەن تېخى توي قىلمىدىم.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى لېتتى.

— مېنىڭ توي قىلماي يۈرۈشۈمدىكى سەۋەب، مەن بۇ ئىشتا قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرىلىق زادىلا بىر قارارغا كېلەلمىدىم. جېنىنىنى دەسلەپ ئۇچراتقاندا، ماڭا گويا ئۇ ھاياتىمدا ئۇچراتقان ئەڭ گۈزەل قىزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار بولغانىدىم. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك تارتتىم. مەن ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا

سەككىز يۈز مىڭ دوللارلىق مال ـ دۇنيادىن قۇرۇق قا-
لىمەن، بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. دادامنىڭ شىر-
كىتى بىرلەشمە شىركەتكە ئايلاندى. ھازىر مەن ئېرى-
شىدىغان مال ـ مۈلۈك ئىككى مىليون دوللارغا بېرىپ
قالىدۇ. ئەگەر بۇنداق بىرگە تۇرۇش مۇناسىۋىتىنى دا-
ۋاملىق ساقلاپ تۇرۇۋەرسەم، ئۇ چاغدا ئىككى يىلدىن
كېيىن ھەممە نېمىدىن پاك ـ پاكىز مەھرۇم بولىمەن.
ھازىر ۋىجدان بىلەن گەپ قىلىدىغان بولسام، ئۇ ماڭا
ئىخلاس قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە كۆڭلۈم ئۇ-
نىمدۇ ـ يوق، راستىمنى ئېيتسام، مەن زادى قانداق
قىلسام ياخشى بولۇشىنى ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى
رېستو.

— بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ راستىنلا ئا-
مالى يوقمۇ؟ — دېدى لېتتى، — قەدىرلىكىم، بۇ ئىشنى
دەررۇ ئۇيان ـ بۇيان قىلىۋەتمىسىڭىز بولماپتۇ، ئۇنىڭ
بىلەن جىمى گەپنى دېيىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ كۆر-
سىڭىز، بولامدۇ؟

— بۇنداقتا بەك رەھىمسىزلىك بولارمىكىن، — دەپ
جاۋاب بەردى رېستو.

— سىز كەسكىن ۋاستە قوللىنىشىڭىز كېرەك،
رېستو، — دېدى لېتتى، — ئىشنى بۇنداق ئارقىغا سۆ-
رەۋەرسىڭىز بولمايدۇ. سىز ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز يۈز
كېلەلمىگۈدەك ئىشنى قىلىۋاتىسىز، ئوچۇقىنى ئېيتاي،

مەن سىزگە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش دەپ نەسىھەت قىلالمايمەن. سىز مەيلى ماڭا تەكلىپ قويۇڭ ياكى قويماڭ، مەن بەربىر سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بەلكى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى رېستو ئورنىدىن تۇرۇپ لېيتىنىڭ قولىنى سىقىمدىغىنىچە.

رېستونىڭ ھاياجىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

— رېستو، سىزگە ئوخشاش كىشىلەر يىلدا كىرىدىغان ئازغىنە كىرىم بىلەن جېنىنى جان ئېتەلەمدۇ؟ — لېيتى سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — سىز دېگەن يۇقىرى قاتلامدىكى ئىجتىمائىي شەخس، مۇشۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ئۆمرىڭىزنى دەخلىگە ئۇچراتمىسىڭىز بولاتتى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ھەم ئىقتىساد دۇنياسىغا قايتىپ بېرىشىڭىز كېرەك. شىركەتتىكى مەنپەئەتىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالسىڭىزلا، ئۇ چاغدا ئىلگىرىكى ئىشلار سىزگە ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىز ئۆز ئىستىقبالىڭىزنى قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇرالايسىز. سىز ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتسىڭىز، ئۇ چوقۇم قارشى تۇرمايدۇ. ئەگەر ئۇ راستىنلا سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك سىزگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا خۇشاللىق بىلەن قۇربان بېرىدۇ. بۇنى جەزم قىلالايمەن. ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەپىقە پۇلىنى

سىز ئەلۋەتتە يېتەرلىك بېرىسىز.

— جىننىغا كېرىكى پۇل ئەمەس، — دېدى رېستو مەيۇس ھالدا.

— بوپتۇ، ئۇ پۇلنى كېرەك قىلمىغان ھالەتتىمۇ، ھەربىر سىزسىزمۇ ياشىيالايدۇ. ناۋادا يېتەرلىك كىرىمگە ئىگە بولسا، تۇرمۇشنى تېخىمۇ باياشات ئۆتكۈزەلەيدۇ ـ دە.

— مەن ئۇنىڭ قانداق ئويلايدىغىنىنى ۋە قانداق قىلىدىغىنىنى بىلمەيمەن، — دېدى رېستو.

— ئەمما سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشىڭىز كېرەك، — دېدى لېتتى كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىڭ! ھەربىر كۈن سىز ئۇچۇن قىممەتلىك، رېستو. سىز يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىكە قايتىدىن قەدەم بېسىشىڭىز كېرەك. سىز نېمىشقا ھازىرلا، بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا بىر قارارغا كەلمەيسىز؟ بۈگۈنلا ئىشنى باشلىۋەتمەيسىز؟ بۇ نېمە ئۈچۈن ـ ھە؟

— بۇنداق تېز بولسا بولمايدۇ! — دېدى رېستو ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — بۇ تازىمۇ قىيىن بىر ئىش. بۇنداق ئىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ، بۇنداق قىلسام بەك رەھىمسىزلىك، بەك ئادالەتسىزلىك بولارمىكىن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى توغرۇلۇق جىمى ئادەمگە مەسلىھەت سېلىپ يۈرۈشنى خالىمايمەن. ئىلگىرى بۇ ئىش توغرۇلۇق ھېچكىم بىلەن، ئۆز ئاتا ـ ئانام، قېرىنداشلىرىم

بىلەنمۇ سۆزلەشمىگەنىدىم. ئەمما سىز ماڭا ھەرقانداق كىشىدىنمۇ يېقىنراق بولغاچقا، سىزگە چىن كۆڭلۈمـ. دىن خالاپ ئەھۋالنى بىر قۇر ئىزاھلاپ ئۆتكۈم كەلدى.

— مەن سىز بىلەن مۇنازىرىگە چۈشمەكچى ئەمەسـ مەن، رېستو، — ئۇ سۆزلەپلا كەتتى، — مەن پەقەت سىزنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا مەن سىز ئۈچۈنمۇ، ئۆ- زۈم ئۈچۈنمۇ، يەنە جېنىنى ئۈچۈنمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن. جېنىنى بىر ساھىبجامال، بىراق ئۇ سىزگە لايىق ئەـ مەس. رېستو، دېمىسىمۇ پەقەت لايىق كەلمەيدۇ، سىزگە باشقا بىر خىل ئايال كېرەك. ناۋادا مەن، رېستو، ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، سىزنى ئەركىنلىككە چىقارغان بولاتتىم. مېنىڭچە، ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئايال مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك. ئۇ سىزنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قۇربان بېرىشى كېرەك. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن يۇزتۇرانە سۆزلىشىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن ئويلىنىپ باقاي، — رېستو سۆزىنى تۈگىتىپلا خوشلىشىپ ئالدىراش كېتىپ قالدى.

رېستو قايتىپ بېرىپ لېتتىنىڭ مەسلىھەتىنى قايتا ـ قايتا ئويلاندى، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، كېيىنكى تەرەققىيات نىشانى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئۇ ھەرىكەتنى باشلاش نىيىتىگىمۇ كېلىپ بولغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن تۇرار جايىدا يەنە بىر كۈتۈلمىگەن

ۋەقە يۈز بېرىپ، ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويدى.

ئەسلىدە جېننىنىڭ دادىسى گېرخاردىتنىڭ سالا-مەتلىكى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئاخىر ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا قالدى.

جېننى مۇشۇ ئەتراپتا نامى بار ئىچكى كېسەللىك-لەر دوختۇرى ماگىننى تەكلىپ قىلىپ، دادىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتى. دوختۇر گېرخاردىتقا دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن، ئىسسىق كالا سۈتى، قۇۋۋەت هارىقى ئىچىپ بېرىش، ئوبدان ئارام ئېلىشقا ئوخشاش بىرنەچچە ئىشنى بۇيرۇدى، بىراق ئۇ جېننىغا ئانچە ئۈمىد يوق-لىقىنى ئۇقتۇردى. گېرخاردىت بوۋاينىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا، تېنى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغا-نىدى. ئۇ بىر مەزگىل بەرداشلىق بېرىشىمۇ ياكى بې-رەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەيتاۋۇر ۋاقىت مەسى-لىسى ئىدى.

جېننى دادىسىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىنى بىلگەندە ئىچىدە سەل قايغۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە دادىسى-نىڭ مۇشۇنداق راھەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتۈشىنى ئوي-لىۋىدى، كۆڭلى خېلىلا تەسكىن تېپىپ قالدى. دېمى-سىمۇ، بۇ يەردە جىمى نەرسە ئەتراپلىق هازىرلانغان ـ دە.

جېننى دادىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقى

توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاكا، ئىنى ـ سىڭىللىرىغا خەت يېزىپ ئۇقتۇردى. ئەمما ئۇلار، دادىسىنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كەتسە، چىكاگوغا بېرىپ يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ خەت قايتۇرۇشتى.

گېرخاردىتنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، جېننىنى قاتتىق قايغۇغا سېلىپ قويدى.

ئاقىۋەت بىر كۈنى سەھەر سائەت تۆت بولغان مەھەلدە، بىر ئۆمۈر چارچاپ ئۆتكەن گېرخاردىت ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قېلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

جېننى دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن چەكسىز قايغۇردى. دادا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرىدىنلا كۈچلۈك مۇھەببەت مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى — بۇ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي نېمىس بوۋاي ئائىلىنىڭ يۈكىنى غەيرەت بىلەن ئۇستىگە ئېلىپ، ئۆزىنى بىر ئۆمۈر بالىلىرىغا ئاتاپ ئالەمدىن ئۆتتى.

جېننى بالىلارنىڭ ھەممىسىگە تېلېگراممىا ئارقىلىق خەۋەر قىلغانىدى، باس «دەررۇ يېتىپ بارىمەن» دەپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، دېگەندەك ئەتىسىلا يېتىپ كەلدى. قالغانلىرى ئالدىراش بولغاچقا بارالمايدىغانلىقلىرىنى، دادىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشالمايدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ تېلېگراممىا ئەۋەتىشتى.

رېستو جېننى، ۋېستا ھەم باشقا ھەمراھلار زاراتگاھلىقتىن ئۇنىڭغا ئاتاپ يەرلىك سېتىۋالدى، جامائەت

ئاددىيغىنا ياسالغان مىيىت ساندۇقىنى لەھەتكە ئەكى-رىپ قويۇپ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلىدى. بۇ ئاددىي مازار ئەسلىدە ئادەتتىكى جاپاكەش ئىشچىلارنىڭ قەبرىستانلى-قى ئىدى، لېكىن ئۆلگۈچى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلى-نىشنى ئۆزى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قى-لىشقا توغرا كەلدى.

گېرخاردىتنىڭ ئۆلۈمى رېستوغا ھېچقانچە بىر ئا-لاھىدە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جېنى-نىنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتىغا قاراپ، ئۇنىڭ سەل ھېسداشلىقى قوزغىلىپ قالدى. ئۇنىڭ گېرخاردىتنى ياقتۇرۇشى، گېرخاردىتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەخلاقىي پەزى-لەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا قارىتا، بۇ-نىڭدىن باشقا ھېچقانداق ھېسسىيات يوق دېيىشمۇ بو-لىدۇ. ئۇ جېنىنىغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى دېڭىز ساھىلىغا ئاپىرىپ ئون نەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ كەلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈشى بىلەنلا جېنىنىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشنى، مەسىلىنى جېنىنىڭ ئالدىغا ئوچۇق قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

مانا ئەمدى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، جېنىدا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىلىق شۈبھە تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ رېستونىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلماسلىقى-دىن ئەنسىرەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ رېستو ئۇنىڭ بىلەن

توي قىلىش ئويى بارلىقىنى ئەزەلدىن ئاشكارىلىمىغان ئەمەس.

مۇشۇ مەزگىللەردە روبېرتمۇ بىرەر ھەرىكەت قول-لىنىش ئويىدا بولۇپ يۈرگەنىدى. ئۆزىنىڭ رىستوغا بىۋاستە نەسىھەت قىلىپ ئاقتۇرالماسلىقىنى بىلگەچ-كە، ئەگىپ ئۆتۈپ جېنىنىغا گەپ قىلىپ كۆرمەكچى بولغانىدى، شۇنداق قىلغاندا مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى. روبېرت ئەگەر جېنىنى رىستودىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ئايرىلىپ كەتسە، جىمى ماجىرا ھەل بولۇپ كەتمەمدۇ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن رىستو مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندى-شىم، قاراپ تۇرۇپ ئۆز تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ ــ دە، دەپ ئويلىدى. يەنە كېلىپ ئۇ پۈتۈن شىركەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولغاچقا، ئىنىسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ كەسپىگە سال-ماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ دادىسىغا يىگىرمە يىل خىزمەت قىلغان، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ئادۋوكات ئوبالىئانى جېنىنى بىلەن سۆزلىشىشكە تاللىدى.

ئادۋوكات چىكاگوغا بېرىپلا رىستونىڭ تۇرالغۇسىنى ئىزدەپ تېپىپ، جېنىنىغا ئىسىم كارتوچكىسىنى كۆر-سىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى.

ــ رىستونىڭ دادىسى، ــ دېدى ئادۋوكات، ــ ئالەم-دىن ئۆتۈش ئالدىدا ئىرىگىزگە بىر ئۇلۇش تەئەللۇقاتنى

قالدۇرغانىدى، ئۇنى ھازىر ئېقىمۋاتقان قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاز دېگەندىمۇ بىر مىليون بەش يۈز مىڭ دوللارغا يېتىدۇ، بىراق بۇنىڭ شەرتى بار، رېستو مۇشۇ تەلەپلەرگە رىئايە قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ تەئەللۇقاتقا ۋارىسلىق قىلالايدۇ.

— نېمە شەرت ئۇ، — دەپ سورىدى جېننى سەل جىددىيلەشكەن ھالدا.

ئادۋوكات ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى جېننىغا تولۇقى بىلەن يەتكۈزدى.

— مېنىڭ بۇنداق ئۇسۇلدا كەلگىنىمنى كەچۈرگەيسىز، — دەپ قائىدە ـ تەكەللۇپ بىلەن سۆز باشلىدى ئادۋوكات، — مەن گان جانابلىرىنىڭ ھاياتلىقىدىكى قانۇن مەسلىھەتچىسى بولىمەن. كەسپىم سەۋەبلىك ئامالسىز سىزگە ۋەسىيەتنامىدىكى تەلەپلەرنى يەتكۈزۈپ قويماقچىمەن. سىزنىڭ بىر ياخشى ھەل قىلىش چارىسىنى تاپالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ۋە شۇنى ئۈمىد قىلىمەن، بولمىسا، رېستو ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك تەئەللۇقاتىدىن قۇرۇق قالىدۇ، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئۇ بۇ تەئەللۇقاتتىن مەھرۇم بولسا قەتئىي بولمايدۇ، بۇ ئادىللىق بولماپتۇ، — دېدى جېننى ئادۋوكاتقا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن

بېرى، جېيننى ھەمىشە ئۇنىڭ خىيالغا پېتىپ بىئارام يۈرۈۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇپ قالاتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى. ئەسلىدە رېستو مال ـ مۈلۈكتىن مەھرۇم بولۇشنىڭ ئەلەمىدە غەم ـ غۇسسىگە پېتىپ يۈرگەن ئىكەن، ئەمما بۇ توغرۇلۇق جېيننىغا نېمىشقا تىنمىغاندۇ!

—خانىم،—دېدى ئادۋوكات ئوبالىئان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،—مەن ۋەزىپىنى ئادا قىلغىلى كەلدىم. توغرىسىنى ئېيتسام، رېستونىڭ ئاكىسى روبېرىت مېنى بۇ ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر سىز رېستودىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلسىڭىزلا، ئەللىك مىڭ ياكى يۈز مىڭ، بۇنى مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار كەلگۈسىدە سىزنى ھېچ نەرسىدىن خىجالەتچىلىكتە قويماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشماقچى، بۇنىڭغا ئادۋوكاتلىق نامىم بىلەن سىزگە كاپالەت بېرىمەن، بۇ چوقۇم قانۇن تەرتىپى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

—بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ،— دېدى جېيننى ئاغلاشقا پەقەت رەغدى قالمىغاچقا،— كېتىڭ، مېنى بۇ يەردە يالغۇز قويۇڭ. مەن ئۇنىڭدىن چوقۇم ئايرىلىپ كېتىمەن. ئەمدى پەقەتلا گەپ قىلمىسىڭىز، بولامدۇ؟

ئادۋوكات كەتكەندىن كېيىن، جېيننى ئازابقا چىدىماي ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— زادى شۇنداق بولماقچىمىدى، — دېدى جېننى ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بالدۇرراق مۇشۇنداق بولۇشى كې-رەك ئىدى. ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ياخشى دادام بالدۇر كېتىپ قالغان ئىكەن، ھەرھالدا بۇ ئىشلارنى كۆرمەي قالدى.

## 14

رېستو ئەسلىدە «جېننى بىلەن مەيلى ئايرىلىپ كېتەي ياكى قوشۇلاي، ئۇنىڭغا بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك» دېگەن قارارغا كېلىپ بولغانىدى. بىر كۈنى كەچتە رېستو ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، جېننىنىڭ مۇئامىلىسىدىكى نورمالسىزلىقنى سېزىپ قالدى. رېس-تو ئۇنىڭغا بىر قۇر سەپسېلىپ:

— بۈگۈن رەڭگىرويىڭىز بۆلەكچىغۇ، سىزگە نېمە بولدى؟—دەپ سورىدى.

— مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچى ئى-دىم، — دېدى جېننى ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا.

— نېمە ئىش؟ — دېدى رېستو، ئۇ بۇ گەپ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسكىن مەزمۇنلارنى تۇيۇۋالغانى-دى، — زادى نېمە ئىش بولدى؟

جېننى لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە بىر پەس جىم بولغاندىن كېيىن سۆز ئالدى:

— تۈنۈگۈن بۇ يەرگە ئوبالمىئان ئىسىملىك،

سىنىسىنىاتلىق بىر ئادۋوكات كەلدى، سىز ئۇنى تونۇمـ-
سىز؟ — ئۇ سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ ۋەسىيىتى توغرىلىق سۆزلەشكىلى كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سىز مەھرۇم بولىدىغان مىراسنىڭ سوُرۇكى توشايلا دەپ قاپتۇ، سىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشنى خالامسىز؟ مېنىڭدىن ئايرىلغۇڭىز يوقما؟

— ھۇ، ئۆلۈمتۈك! — دېدى رېستو غەزەپ بىلەن تىترەپ تۇرۇپ، — ھەي، لەنىتىلەر، تايىنلىق روبېرت-نىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنى، ئۇلار نېمىدەپ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىدىكىنا.

جېنىنى بۇ ھالنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ كەتتى، خېلى بىر ھازادىن كېيىن ئۇ:

— ئەگەر بىز ئايرىلىپ كەتسەك، ئۇ چاغدا بىر يېرىم مىليون دوللارلىق تەئەللۇقاتقا تولۇق ئېرىشىدى-كەنسىز، مېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكىنىڭىزنىڭ تۈزۈك ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى رېستو كەيپى ئۇچقان ھالدا، — ئۇلارنىڭ مېنىڭ تاللىشىمغا ئارىلىشىۋېلىش ھوقۇقى يوق، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ مېنىڭ ئىشلى-رىمغا ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ، مېنىڭ قانداق قىلىشىمنىڭ ئۇلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ئىكەن؟ بۇ ماڭا بېسىم ئىشلەتكەنلىك، مېنى قىستىغانلىق بولماي نېمە!

جىننى ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن بىر خىل سوغۇق مۇ-ئامىلىنى، قەھر - غەزەپلا بار، مېھىر - مۇھەببەت يوقلۇقىنى سېزىپ قاتتىق ئازار يېدى - دە، — سىز دەررۇ ھەرىكەت قوللىنىشىنىڭ تولىمۇ ياخشى ئىكەنلى-كىنى سەزمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خۇش بولۇپ كېتەي، جىننى، ئەمدى بۇ توغرۇ-لۇق گەپ قىلمىسىڭىزچۇ، — دېدى رېستو، — ئەمدى پەقەت ئاڭلىغۇم يوق، مەن زادى نېمە قىلىشىمنى بى-لەلمەيۋاتىمەن، تاماق يەيلى، — دەپ ئورنىدىن خاپا بول-غان ھالدا تۇرۇپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇ مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ تۇردى، جېننى ھەر دائىم رېستوغا:

— مېنى يولغا سېلىۋېتىڭ، مەن كەتسەم مىراسقا ئىگە بولىسىز، مېنىڭدىن ئەندىشە قىلمىسىڭىزمۇ بو-لىدۇ، مەن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن، — دەيتتى.

— ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، سىز قەيەرگە كەتمەكچى؟ — رېستو قىزىقسىنىپ سورىدى.

— شامۇود دېگەن ھېلىقى بازار ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن ھەمىشە ئۇ يەرنى ماكانلىشىپ قالسا بولىدىغان پەيزى يەر ئىكەن دەپ ئويلايتتىم.

شۇنداق قىلىپ، كېيىنچە ئۇلار ئاستا - ئاستا

چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتى. رېستو ئاخىر بولمىسا شۇنداق قىلمايمەنمۇ دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇنىڭ قارارى ئۆزاق ئۆتمەي ھەرىكەتكە ئايلاندى.

جېننى شامۇود بازىرىغا ئولتۇراقلاشتى، بۇ بازار چىكاگوغا يېقىن ئىدى، ئۇ يەرگە پويىز بىلەن بىر سائەت ئون بەش مىنۇتتىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. رېستو جېننىغا ئۆي تېپىشىپ بەردى، ئۆينىڭ ئىجارە مۇددىتىنى ئىككى يىللىق قىلىپ توختىتىشتى، توختامغا ئىجارە ئېلىشنى بەش يىلغا ئۇزارتىش ھوقۇقى ۋە جاينى سېتىشقا توغرا كەلسە شىپەتچىلىك ھوقۇقى بار، دەپ كىرگۈزۈلدى. رېستو ئۇنى يولغا سېلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىمكانقەدەر مەردلىك قىلدى. جېننىنى بىرەرنېمىدىن قىسىلدۇرۇپ قويۇشقا كۆڭلى پەقەتلا ئۇنىمىدى.

جېننىنىڭ مۇھەببىتى ھەرگىزمۇ ماددىي نەرسىنى ئاساس قىلغان ئەمەس دېگەن ھالەتتىمۇ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا بۇنداق ئىشنى پەقەتلا بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغاچقا، ئەمدىلىكتە بۇ قەدىردان ئائىلىسىدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كەلدى.

مۇشۇ كۈنلەردە رېستومۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ يۈرەتتى. ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتى ۋاتسېنغا: «ئوبالىئان بىرلەشمە قانۇن ئىشخانىسىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ، ئۇلار بىر كۈننى بەلگىلەپ،

ماگا تېگىشلىك مال ـ مۈلۈكنىڭ گۇۋاھنامىسىنى تاپ-
شۇرۇپ بەرسۇن» دەپ جېكىلىدى. بەلكىم ئۇ گىرالد
خانىم بىلەن توي قىلىشى مۇمكىن، تېخى بىرلەشمە
شىركەتنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇم-
كىن، چۈنكى ئۇنىڭمۇ بىر ئۈلۈش پاي چېكى بار. يەنە
گىرالد خانىمنىڭ تەئەللۇقاتىنىمۇ قوشىدىغان بولسا،
تراكتور بىرلەشمە شىركىتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ
قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۆتكەن بىرقانچە يىلدىكىگە
سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە باشقىچىلا بىر
شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى تۇرغانلا گەپ!

مۇشۇ كۈنلەردە، جېنىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇ-
مىدسىزلىك قاپلىۋالغانىدى، ھېلىتىنلا ئۇنىڭ ئىچى
پۇشۇشقا باشلىدى. بۇ ئائىلە ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر
مەنىگە ئىگە ئىدى. كونا تۇرمۇش ئاياغلاشتى، جىمى
ئىش تامام بولدى.

رېستو بىلەن جېنىنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش-
كەندىن كېيىنكى بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە، چىكاگو،
سىنسىنات، كلېۋېلاند ھەم باشقا چوڭ شەھەرلەرنىڭ
ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە سودا ساھەلىرىدىكى كىشىلەر،
رېستونىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا
روھىي جەھەتتىن ياشىرىپ، باشقىدىنلا جۇشقۇنلىشىپ
كېتىۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇشتى. ئەمدىلىكتە ئۇ يېگى-
ۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالاھىدە ئىمتىيازدىن

بەھرىمەن بولىۋاتقان كىشىگە ئايلىنىپ قالدى. دەرۋەقە، يېشىغا يەنە نەچچە ياش قوشۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۇنىڭ تەجرىبىسى ۋە نوپۇزىنى نەچچە ئۇلۇش ئاشۇردى.

گرالد خانىم رېستونىڭ ئۆزىنى رۇسلىۋالغانلىقى-دىن ئىنتايىن خۇرسەن ئىدى. ئۇ ئەتەي بىرمۇنچە ۋا-قىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، رېستو بىلەن ۋاقتىنچە ئالاقى-لەشمەي تۇردى. كېيىن خىد باغچىسىدىكى ئادرېسقا قارىتىپ خەت يېزىپ ئۇنىڭغا سالام يوللىدى ۋە ئەھۋال سورىدى.

رېستو ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بىر ھەمراھقا، ئەلۋەتتە ئايال جىنسلىق ھەمراھقا ئېھتىياجلىق بولۇ-ۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. جېنى-نىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى باردى ـ كەلدىسى بارا ـ بارا قويۇقلىشىپ، ئۇنى زىياپەتكە چاقىرغۇچىلارمۇ كۆپەيگىلى تۇردى، ئۇ نۇرغۇن سورۇنلاردا پەيدا بولغىنىدا، ياپونىيىلىك چاكى-رىنى بىللە ئالغاچ باراتتى. بۇ ئۆزىنىڭ يەنە بويتاق يۈ-رۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش ئىدى، ئىلگىرىكى ئىشلارنى ھېچكىم ئۇنىڭ يۈزىگە سېلىپ يۈرمىدى.

ئۇ گرالد خانىمنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇنى يوقلاپ بارسام بولاتتى، دەپ ئويلاپ قالدى، دېمىسىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭغا بەك سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. جېنىنىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بىر-

نەچچە ئاي ئىچىدە، ئۇنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ بېرىپ قويمىغانىدى. ھازىرمۇ يەنە كەينىگە تارتىۋەردى، تاكى گرالد خانىم ئۇنى كەچكى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ تې-لېفون بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭكىگە باردى.

كەچكى زىياپەتتە گرالد خانىم ساھىبخان بولۇش سۈپىتىدە مېھمانلارنى قىزغىن كۈتتى.

گرالد خانىم رېستو بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

—ماڭا مۇشۇنداق پەرۋاسىز مۇئامىلىدە بولۇۋاتى-سىز، سىزنىڭ راسا ئەدىپىڭىزنى بەرمىسەم بولمىدى جۇمۇ، — دېدى ئىنتايىن ھاياجانلانغان تەلەپپۇزدا.

— ئەدىپىمنى قانداق بەرمەكچىسىز، — دېدى رېستو كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە، توقسان قامچا بولسا يې-تەرمىكىن؟

ئون كۈندىن كېيىن، رېستو گرالد خانىمنىڭكىگە ئۇنى يوقلىغىلى باردى. ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ، لېتتى بىلەن ئەھۋاللاشقۇسى كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن بىرەرسىنى تېپىپ ھال - مۇڭدىشىپ، ئىچىنى بوشى-تىۋېلىش خىيالىدا بولۇپ يۈرگەنىدى. ئۇنداقتا، بۇ يەر-دىنمۇ ئوبدان يەر بولارمۇ؟ لېتتى ئۇنىڭ دەردىگە تازا يېتىدۇ. ئەگەر ۋەزىيەت يول قويغۇدەك بولسا، ئۇ رېس-تونىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇۋېلىشىغا جان دەپ رازىلىق بېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆپ يىللىق ئارزۇسى ئىدى.

— هازىر جىيەننىنى يەنە ئويلاپ تۇرۇۋاتامسىز؟ — توساتتىنلا سوراپ قالدى گىرالد خانىم.

— بۇنىڭغا بىرنىمە دېيەلمەيمەن، بۇ ئىشلاردىن كۆڭلۈم ناھايىتى خۇشال دەپمۇ ئېيتالمايمەن، — دېدى رېستو ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، كۆڭلىڭىزنى تازا چۈشىنىمەن، — دېدى لېتتى، — بىراق مەن باشتىن - ئاخىر بىردىنبىر چارە مۇشۇ دېگەن پىكىردە تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن بېسىپ چىقىۋاتقانلىقىڭىزنى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

— سىزنى بۇرۇنلا يوقلاپ كەلمەكچىدىمىيۇ، يەنە ھاجىتى يوق دەپ ئويلىدىم. ھازىر ئىش ھەل بولغان بولدى، گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ — دېدى رېستو ئۇنىڭغا قىزغىن تەلپۈنگەن ھالدا.

— ھەئە، تازا ئېنىق چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى لېتتى تەسەللى بېرىۋاتقان قىياپەتتە ۋە ئۇلاپلا، رېستو، سىزنىڭ ھازىر ئىچىڭىز پۇشىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇمۇ بار گەپ.

— ئۇنداق بولسا، سىپپارتونغا بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەلسىڭىز - قانداق؟ مەنمۇ شۇ يەرگە بارماقچىدىم.

— قاچان؟

— كېلەر ھەپتىنىڭ ئىككىسى.

— قېنى قاراپ باقاي، — دېدى رېستو، — مەن با-رالماسمەنمىكىن پەيشەنبە كۈنى بارالىغۇدەكمەن، بىر-نەچچە كۈن تۇرسامۇ بولغۇدەك.

— ئۇنداقتا، پەيشەنبە كۈنى بولسۇن. سىزگە ھەم-راھ كېرەك. بىز ئۇ يەرگە بېرىپ، سەيلە قىلغاچ مۇڭ-دىشىمىز، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ تەنتەنىلىك رەۋىشتە.

— رېستو، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزغا رازىمەن. سىز مېنىڭ مەسلىھەتچىم بولىدىغان بولسىڭىز، چوقۇم ئادۋوكاتىمنىمۇ بىسىپ چۈشىسىز.

— لېتتى، سىزنىڭ نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىڭىز ماڭا ئايان، سىز مەن بىلەن توي قىلىشنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەڭ، مەن ئۇنىڭغا ئەرزىمەيمەن.

— لېكىن مەن سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى-ڭىزنى تازا ئوبدان بىلىمەن، قىسقىسى، ماڭا ھەممىسى بەرىبىر، ماڭا پەقەت سىزلا بولسىڭىز بولىدى.

رېستو ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرىغا ئالدى، ئان-دىن بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىگە تارتتى ـ دە، كاپلا قىلىپ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى:

— بىچارە لېتتى، مەن بۇنچىلىك قىلىشىڭىزغا ئەرزىمەيتتىم. كەلگۈسىدە چوقۇم پۇشايمان يەپ

قالىسىز.

— ياق، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن،— دەپ جاۋاب قايتۇردى لىيتتى، — مېنىڭ كاللام ئىلىشىپ قالغىنى يوق. سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئەرزىيمەنمۇ، ئەرزىمەيمەنمۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈشىڭىزدىن پەرۋايىم پەلەك، — ئۇ مەڭ-زىنى رېستوننىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى.

ئۇ لىيتتىنى قۇچاقلىغىنىچە تۇرۇۋەردى، لىيتتى ئۇنىڭغا ئوتقاشتەك لەۋلىرىنى تەقدىم قىلدى.

ناۋادا گرالد خانىمدەك مەشۇقى بولمىغان بولسا، رېستو جېنىنى بىلەن كونا مۇھەببەتنى قايتىلىغان بولار ئىدى.

رېستو بىلەن گرالد خانىم ناھايىتى تېزلا توي ئۈستىدە گەپ ئېچىش دەرىجىسىگە يەتتى.

— بىز تويىمىزنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يازنى چەت ئەلدە ئۆتكۈزسەك بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى گرالد خانىم ھاياجان ئىلكىدە.

— ئۇنداقتا، ياپونىيىگە بارايلى، — دەپ جاۋاب بەردى رېستو.

— ياپونىيىگە بارىمىز، ئەمىسە شۇنداق بېكىتتۇق. كېيىن پۇشايمان قىلىپ يۈرمەڭ جۇمۇ. ۋاي خۇدايىمەي، مەن قانداق پاسونىدىكى توي كىيىمىنى تەييارلىسام بو-لاركىن؟

## 15

بۇ مەزگىللەردە، جېنىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈ-زۈش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا، رېستو-سىز بۇنداق تۇرمۇش ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. گەرچە ئۇ ئۆزىگە خاس كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە شەخس بولسىمۇ، رېستو بىلەن شۇ قەدەر ئىجىل بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا گويا ئىككىيلەننىڭ جۇدالىشىش ئېھتىمالى پەقەتلا يوقتەك تۇيۇلغانىدى. مانا ھازىرمۇ گويا ئىككىيلەن پەقەتلا ئايرىلمىغاندەك، ئۇنىڭ ئوي - پىكرى، ھەرىكىتى رېستوغا زىچ باغلىنىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئۇنىڭغا گويا رېستو ئۆزىنىڭ قېشىدا تۇرغاندەك بىلىنىپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ قانداق ئويلىمىسۇن، رېستو كېتىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ-دىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. بۇ رېئاللىقنى ئىنكار قىل-غىلى بولمايتتى. ھازىر قېشىدا ۋېستا بار، ئۇنىڭ مۇ-شۇنداق زېرىكىشلىك تۇرمۇشىدا، ۋېستا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر تەسەللى ۋە ئۈمىد ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، جېننى گېزىتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋاتقاندا، جەمئىيەتتىكى خەۋەرلەر سەھىپىسىگە بېسىلغان: «مالكولىم گرالد خانىم بىلەن رېستوگاننىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكى ھەمدە ئاپرېلدا توي

ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنلىكى» توغرىسىدىكى مەزمۇنلار كۆ-
زىگە چېلىقىپ قالدى.

گېزىت ئۇنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ ئۇدۇلغا ھاڭۋېقىپ قارىغان پېتى، بىرنەچچە مىنۇتقىچە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. «راستتىن شۇنداق ئىش بولىدىمىكىنە؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە، — ئەجابا، بۇ ئىش ئاخىر رويابقا چىقىپتۇ ـ ھە؟» بۇ ئىشنىڭ چوقۇم يۈز بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى، ئەمما شۇنداق بولمىسىكەن، بولسىمۇ كېيىنرەك بولسىكەن دېگەن ئۈمىدىنىمۇ قىلىپ يۈرگەنىدى، نېمىشقا مۇشۇنداق ئۇ-مىدتە بولۇپ يۈردىكىنە، ئەمدى ئىش چېكىگە چىقتى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلسۇن؟

بۇ ئاقىۋەت جېنىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. ھايات ئۇنىڭغا ئەزەلدىن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن، بۇنى ئۆزى ئاللىبۇرۇن جەزملەشتۈ-رۇپ بولغان. ئۇ بۇ يەردە، مۇشۇ كىچىككىنە يەرگە قا-مىلىپ، نام ـ نىشانسىز ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى گېزىتنى بىر ساندۇقنىڭ تېگىگە سېلىپ، ساندۇقنى قۇلۇپلاپ قويدى.

رېستوگرالد خانىمغا چاي ئىچۈرۈلۈپ بولدى، بۇ پاكىت، ئەمدى رېستوغا ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى تۇرمۇشىغا كۆنۈشىمۇ ھېچقانداق قىيىن ئىش ئەمەس، بۇ ئىشنىڭ

ئىنتايىن جايىدا بولۇپ چىققانلىقىدا شەك يوق، شۇنىڭ-
سى، ئۇنىڭ جېننى ئۈچۈن كۆڭلى بۇزۇلدى، خېلىلا
بۇزۇلدى.

گرالد خانىمنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا ئۆزىنىڭ كۆزقا-
رىشى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئىش جېننى بىلەن رېستونىڭ
ھەر ئىككىلىسىگە پايدىلىق دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇنداقتا
رېستو تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ياشىيالايدۇ، مانا ھازىرنىڭ
ئۆزىدىمۇ كۆڭۈللۈك يۈرۈۋاتامدۇ؟ خوش، جېننىچۇ،
ئۇمۇ بۇ ئىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە، ئەڭ ساۋاپلىق ئىش ئى-
كەنلىكىنى ھامىنى چۈشىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ
خالىس ئىش قىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە،
چوقۇم خۇشال بولىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى.

رېستو جېننىغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ گرالد خا-
نىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. خېتىدە،
ئۆزىنىڭ ئىزاھلاپ بەرگۈدەك سۆزى يوقلۇقىنى ئېيتتى،
جېننىنىڭ ئوبدان تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە تىلەكداشلىق
بىلدۈردى. ئاخىردا ۋېستانىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇ يۇ-
قىرى دەرىجىلىك مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەك، دېدى.

جېننى بۇ ئوتتۇرىدىكى ئەھۋاللارنى تامامەن چۈشىد-
نەتتى. رېستونىڭ لوندوندا گرالد خانىمغا رام بولۇپ
قالغانلىقىنى بىلەتتى. گرالد خانىم ئىنچىكە رەۋىشتە
ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ كېلىۋاتقانىدى، ئەمدى ئۇلارغا
كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى، جېننىمۇ رېستوغا ھېلىھەم

شادىمانلىق تىلەپ كەلدى، جېنىنى مۇشۇنداق ئالىيجاناب ئايال ئىدى. جېنىنى تېزدىن رېستوغا خەت يېزىپ، گېزىتتە ئۇلارنىڭ چېيى ئىچۇرۇلگەنلىكى توغرىسىدا بېسىلغان خەۋەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

توي مۇراسىمى 15 ـ ئاپرېلدا، گرالد خانىمنىڭ تۇرالغۇسىدا ئۆتكۈزۈلدى، كاتولىك پوپى نىكاھ گۇۋاھچىسى بولدى.

كەچكۈز يېتىپ كېلىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتكەندى. بىر كۈنى ۋىستا مەكتەپتىن: «بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا، ۋىستا سەل قىزىپ قاپتۇ. دوختۇر داۋالاپ كۆرسىمۇ، ئۇنىڭ قىزىتمىسى يەنىلا يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «كېزىك بولۇپ قاپتۇ» دەپ دىئاگنوز قويۇلدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتلاردا مەھەللىدە مۇشۇنداق كېسەللەردىن خېلى كۆپ بايقالغانىدى. دوختۇر جېنىنىغا: «ۋىستانىڭ بەدەن قۇۋۋىتى خېلى كۈچلۈك، كېسەلگە بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ خەۋپ يوق دېگىلى بولمايدۇ» دېدى. جېنىنى كېسەل قىزىنى ئوبدانراق بېقىش مەقسىتىدە ئاتايىن چىكاگوغا بېرىپ، خېلى تەلىم ئالغان بىر سېسترانى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى.

ئەمما ۋىستا كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى دوختۇر: «كېسەل كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بۆرىكى بىلەن يۈرىكى تەسىرگە ئۇچراۋاتىدۇ.

ئېھتىمال ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولارمىكىن» دېدى. جېننى بىر يەردە جىم ئولتۇرالماي، ئىچىدە توختىماي دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى، جىمىكى ئارزۇسىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇپ، پەقەت ۋىستانىڭ كېسەلىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنىلا تىلەيتتى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، بىمارنىڭ زەئىپ بەدىنى سەل قىمىرلىدى، ئەسلىدە ئۇ بوش ئاۋازدا ئۇھسىنغانىدى. جېننى ئالدىغا ئېتىلدى، بىراق بىمارنىڭ تىنىقى توختاپ بولغانىدى.

جېننى كارىۋاتنىڭ قېشىدا يەرگە تىزلىنىپ، ۋىستانىڭ سوۋۇشقا باشلىغان قولىنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى:

— ئاھ، ياق! — دەپ نىدا قىلدى ئۇ، — سىز كەتمەڭ! سىز كېتىپ قالمىسىڭىز بولاتتى، مەن قانداق چىدايمەن!

جېنىنغا گويا يەر ـ زېمىن ئۆرۈلۈپ، جىمىكى نەرسە كۆمپەيكۈم بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقتىن ئازراقمۇ ئەسەر قالمىغانىدى.

رېستو بىلەن بىرگە بىرقانچە يىل ئارامبەخش تۇرمۇش ئۆتكۈزگەنىدى. مانا ئەمدى رەھىمسىز تەقدىرنىڭ تۆپىلەپ كەلتۈرگەن زەربىسىدىن ئۇنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ھالىتى يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئۇ نېمىلا

قىلسۇن، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى — قىزى ۋىستا-نىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلماي بولمايتتى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ۋىس-تانىڭ ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتى، ئۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەي-دۇ - دە.

ۋىستانىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندىن باشلاپ تا بۇ رەھمەتلىك بالىسىنىڭ ۋاپاتىغىچە جېنىنى رېتو بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، بۇ ئۆگەي داد-سىنىڭ قىزىغا بىر ئاز تەسەللى بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى، بىراق، رېتو ۋە ئۇنىڭ يېڭى مەھبۇبەسى گرالد خانىم شېرىن ئاي ئۆتكۈزگىلى چەت ئەلگە كەتكەنىدى. شۇڭا، پەقەت ئالاقىلىشالمىدى.

ۋىستانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كېلە-چىكى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گەرچە يېتەرلىك پۇلى بار بولغاچ بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاز - تولا ئىش تېپىپ ئىشلەش قارارىغا كەلدى، ئۇ سېستىرا-لىق قىلىشنىمۇ ئويلاپ باقتى، لېكىن بىر مەزگىل ئۆگىنىشكە ۋە مەشىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئاخىر، بىر دۇكاندىن ئىش تېپىپ ئىشلىمەكچى بولدى. بۇنداق قىلسا، ئۆزىنىڭ غەم - غۇسسىسى ۋە ئازابىنى پەسەيت-كىلى بولاتتى.

ۋىستا قازا قىلىپ ئالاھازەل ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، رېستو رەپىقىسىنى ئېلىپ چىكاگوغا قايتىپ كەلدى. كېلىپلا، ۋىستانىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قازا تاپقىنىنى بىلدى. بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپ، ئۇ خېلىلا قايغۇردى. رەپىقىسىگە ئۇنى بىر يوقلاپ كەلمىسە بول-مايدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇنداق قىلمىسا، ئۇنىڭ ۋىج-دانى كۆتۈرمەيتتى.

— ھوي، جېنني، — كونا مەشۇقىنى كۆرۈپلا، ئۇ جېنني مۇشۇنداق يېقىملىق ئاۋازدا چاقىردى، — ۋىستا ئۈچۈن بەك قايغۇردۇم، — دېدى ئۇ، — بۇنداق ئىش يۈز بېرەر دەپ زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن، تولى-مۇ ئوماق بالا ئىدى، نېمىشقىمۇ بۇنداق بولىدۇ — ھە؟!

بۇ ۋىستا ۋاپات بولغاندىن كېيىن — ئەمەلىيەتتە رېستودىن جۇدا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئېيتىلغان خېلى قىممەتلىك بار تەسەللى سۆزى ئىدى. جېنني كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چى-قىپ، دەرمەھەل گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

— يىغلىمىسىڭىزچۇ، جېنني، — دېدى رېستو ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، — شۇ تاپتا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم قاتتىق بۇزۇلۇۋاتىدۇ، قېرىشقاندەك، چىكاگودا بولماي قالغىنىمنى قاراڭ. سىرتقا كېتىپ قالمىغان بولسام، سىزمۇ ئۆزىڭىز يالغۇز بۇنچىۋالا ئېغىر كۈنلەرگە قال-مىغان بولاتتىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلاي

دەيسىز؟

— يېتىم باللار ئورنىدىن بالا بېقىۋالايمىكىن ياـ كى ئاز ـ پاز ئىش تېپىپ قىلايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، مېنىڭ يالغۇز ياشىغۇم يوق.

— ماۋۇ ئويىڭىز بولىدۇ، — دېدى رېستو، — بالا بېقىۋېلىشنىڭ يولىنى بىلەمسىز؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ بىر قائىدە ـ تەرتىپى بار بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق قىـ لايلى، مەن ئادۋوكاتىم ۋاتسېننى بۇ ئىشقا بۇيرۇي، سىز پەقەت بالىنى تاللىۋالسىڭىزلا بولىدۇ، قالغان ئىشنى ئۇنىڭغا قويۇپ بېرىڭ، سىزچە قانداق؟

بۇ تەكلىپ جېننىغا ياغدەك ياقتى، ئۇ رېستونىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم بەرـ گەنلىكىدىن قەۋەتلا مىننەتدار بولدى.

ئۇ كەتتى، لېكىن يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە بۇ يەردە قېپقالغۇسى كېلىپ، تارتىنشقان پېتى كېتىپ قالدى، چۈنكى جېننى ھېلىھەم چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان ئايال ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يىلدا، رېستو بىلەن جېننى بىر ـ بىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى، ئاندا ـ ساندا كۆرۈشۈپ قالاتتى.

رېستونىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ بىر جېنىغا غەربىي قىسىمدىكى ئەڭ مۇھىم پۇل مۇئامىلە، سودا تەشكىلاتىدىن توققۇزىنىڭ —

سىنسىننات بىرلەشمە تراكتور شىركىتى، غەربىي قىسىم تۆمۈر شىركىتى، بىرلەشمە ھارۋا ـ ۋاگون شىركىتى، چىكاگو دۆلەت ئىككىنچى بانكىسى، سىنسىننات دۆلەت بىرىنچى بانكىسى ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مۇھىم شىركەتلەرنىڭ بىرقانچىسىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى، بەزىلىرىنىڭ قوشۇمچە مۇدىرىيەت رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ ئاكىسى روبېرت بىلەن يەتتە يىلنىڭ مابەينىدە بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشمىدى.

جېننى روسا ئىسىملىك بىر قىزنى بېقىۋالدى. مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇ سەل سەمرىپ قالدى. چاچلىرىغا سەل ـ پەل ئاق ئارىلاپ قالدى. ئۇ قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى، كېيىن ئۇ يەنە تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالا بېقىۋالدى. ئۇنىڭغا ھېنرى سىدولف دەپ ئىسىم قويدى.

## 16

ئەزەلدىن بولمىش تەقدىر فورمۇلىسىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ ئۆمرى ئادەتتە يەتمىش ياشلار بولارمىش. تەقدىرچىلىك تەرەپدارلىرىغا مەنسۇپ رېستومۇ مۇشۇ فورمۇلىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ھازىر ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالدى، شۇڭا ئۇ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق ياشىيالماسلىقىنىڭ مۇمكىنلىكىنى

ئويلىغىنىدا، شۇنچە ئۈمىدسىزلىنەتتى.

ئۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ خىيالىي تۇيغۇدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى. بۇنى ئىسپاتلاش ناھايىتى ئوڭاي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ گاھى چاغلاردا تېخى كىشىلىك ھاياتنى پۈتۈنلەي خىيالىي تۇيغۇ بىلەن تولغانمىكىن دەپ شۈبھىلىنىپمۇ قالاتتى.

زىيادە چارچاش تۈپەيلى، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ناھايىتى ناچارلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۆرىكى ئاللىبۇرۇن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، مېڭە قان تومۇرىدىنمۇ مەسىلە چىقتى، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئۇنى قىيناپ قويىدىغان دەرىجىگە يەتتى، كىچىككىنە بىر يېرى ئاغرىپ قالسىمۇ خەتەر يۈز بېرىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى.

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر كۈنى، ئۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەل تاۋى قېچىپ تۇرۇۋاتقىنىنى سېزىپ، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈۋىدى، دوختۇر ئۇنىڭغا ئۆپچىيگە سوغۇق تەگكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمما يەنە نېمىشقىدۇر كۆڭلى تۈيۈپ ئەنسىزلىككە چۈشتى، چاتاق يېرى، ئۇنىڭ خانىمى لېتتى بۇ چاغدا چەت ئەلدە ساياھەتتە ئىدى. ئۇ ۋاتسېنغا خانىمغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى دەپ قويۇشنى جېكىلىدى. لېتتىنىڭ چىكاگوغا ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن يېتىپ كېلەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى، شۇڭا رېستو ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى.

كېسەلنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلاشتى، ئۇنىڭ قورسىقى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا مۇجۇپ ئاغرىيتتى، ئۇنىڭ تېنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتتى. دوختۇر نەچچە قېتىملاپ قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشنىڭ ئامالىنى قىلدى.

ئاغرىق بىرنەچچە قېتىم مۇشۇنداق تۇتقاندىن كې-يىن، رېستو ۋاتسېننى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال سېستىرانى بىر ئىشقا ماڭدۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن كېيىن:

— ۋاتسېن، مەن سىزگە بىر ئىشنى ھاۋالە قىل-ماقچى، سىز مېنىڭ ئورنۇمدا جىننىنىڭ قېشىغا بې-رىپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە كەلگۈسى بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ باققان بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ كەلسىڭىزكەن. ئۇ قانداق چاغدا كەلسە، شۇ زامان مېنىڭ يېنىمغا ئەكىرىڭ، — دېدى.

ۋاتسېن چۈشەندى، ئۇ رېستونىڭ بۇ چاغدىكى قەل-بىنى چۈشىنەتتى، رېستونىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭغا قالتىس ماقۇل كەلدى. ئۇنىڭ جىننى ئۇچۇنمۇ، رېستو ئۇچۇنمۇ ئوخشاشلا كۆڭلى بۇزۇلدى. رېستو ۋاتسېنغا تولىمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلغان، ۋاتسېن رېستونى ئۆزىگە يۆلەك قىلىپ روناق تاپقاندى، شۇڭا رېستو ئۇنى قانداق ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭ جان دەپ ماڭمايدىغان يېرى يوق ئىدى.

ئۇ دەررۇ پەيتۇن ياللاپ، ئۇدۇل جىننىنىڭ

تۇرالغۇسىغا راۋان بولدى.

جېيننى بۇ چاغدا گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقانىدى. ئۇ-نىڭ كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، شۇئان چىرايىدا تەئەججۇپ ئالامىتى پەيدا بولدى.

— مەن بىر ۋەزىپە بىلەن كەلدىم، ياخشىمۇ-سىز؟ — دېدى ئۇ، — گان ئەپەندى شۇ تاپتا بىتاپ بولۇپ ياتىدۇ، ئۇنىڭ رەپىقىسى هازىر ياۋروپادا، يېنىدا هېچ-كىم يوق، ئۇ مېنى سىزدىن ئۆزىنىڭ قېشىغا بىر كېلىپ كېتىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىڭىزنى سوراپ بېقىشقا ئەۋەتتى. ئەگەر مۇمكىن بولسا، هازىر مەن بىلەن بىرگە بېرىڭ.

— ماقۇل، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ چى-قاي، — دېدى جېيننى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى، چىرايىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇۋاتقىنى بىلى-نىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ بۇرۇنقىدەكلا جەلپكار، نازاكەت-لىك، چىرايلىق ئايال ئىدى. ئۇ مەنىۋى جەھەتتە رېس-تودىن باشتىن-ئاياغ ئايرىلىپ باقمىغانىدى.

پەيتۇن جېيننىنى ناهايىتى تېزلا رېستونىڭ خاند-سىغا ئېلىپ باردى، ئۇ رېستونىڭ جۇدىگەن، تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ قوللىرىنى مەهكەم سىقتى.

— شۇ تاپتا كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، رېستو، دېدى ئۇ پىچىرلاپ تەسەللىي بېرىپ، — چوقۇم تۇزىلىپ كېتىسىز، — رېستو، بەلكىم هازىرلا تۇزىلىپ

كېتەمسىز تېخى.

— شۇنداق، جېننى، ئەمما مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەكلا خىجىلمەن. بۇ ئىشنىڭ خاتا بولغىنىنى بىلىپ تۇرغاچقىمىكىن، كۆڭلۈم پەقەتلا ئارام تاپماي كەلدى. قېنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا، يېقىنىنىڭىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— قەدىرلىكىم، ناھايىتى ئوبدان تۇردۇم، سىز ھەرگىز ئۇنداق خىياللاردا بولماڭ، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى رېستو، — مەن خاتا قىلغاندىم، مەن ئىنتايىن خىجىل. سىزگە بۇنى بۇرۇنلا ئېيتماقچى ئىدىم، تەلىيىمگە ھېلىمۇ پۇرسەت چىقىپ قالدى.

— ئۇنداق دېمىسىڭىزچۇ، رېستو... خۇش بوپكېتەي، ئۇنداق دېمىسىڭىز، — جېننى يالۋۇردى، — ھازىر جىمى ئىش جايىدا، خىجىل بولۇشىڭىز ھاجەتسىز، خىجىل بولغۇدەك ئىش يوق.

بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن جېننىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قېلىۋىدى، رېستو ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قالغۇسى كېلىپ:

— كېتەمسىز، جېننى؟ — دەپ سورىدى.

— كەتمىسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — بالىلارغا قارايدىغان باققۇچىسى بار، ئۇنىڭدىن مەنمۇ خاتىرجەم،



مەن بۇ يەردىن بىر ياتاق ئالاي.

شۇ چاغدىن باشلاپ، تاكى رىبستو جان ئۆزگەنگە قەدەر جېيننى سارايدىن بىرقەدەممۇ نېرى كەتمىدى.

رىبستو جان ئۆزگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن، گان خانىم ئاتلانتىك ئوكيان پاراخوتىدا ئىدى. نيۇيوركقا يېتىپ كېلىشىگە يەنە ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە قالغانىدى.

روبېرت ئىنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى گېزىتتىن كۆرۈپ، چىكاگوغا دەرھال يېتىپ كەلدى. سىڭلىسى لۇئىزا ۋە ئۇنىڭ ئېرىمۇ كەلدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، گان خانىممۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆككەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىمۇ جېيننىڭكىگە ئوخشاش چىن يۈرىكىدىن ئىدى.

دەپنە مۇراسىمى كاتولىك دىنى چېركاۋىدا ئۆتكۈزۈلدى. مېيىت ساندۇقىنى كۆرۈپ، شۇ زامان جېيننىڭ پۈتۈن بەدىنى قېتىپ قالغاندەك، نېرۋىلىرىغا توك تېگىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى.

گان خانىم شۇ تاپتا جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى، ۋاتسېن ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتى. گان خانىم ئىنتايىن سۈرلۈك قىياپەتتە ئىدى.

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن پەيتۇنغا چىقىشتى.

جېيننى ئۇ يەردە ھەممە كۆرۈنۈشلەرگە قارىغىنىچە

قېتىپلا قالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، كۆز-لىرى چەكچەيگەن، ئىككى قولى كۆكرىكىنى بېسىپ بىر-بىرىگە گىرەلەشتۈرۈلگەن، قەلبىدە بىرلا ئوي — «ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشتى، ئۆ-زىنىڭ بەخت نۇرىنى ئېلىپ كېتىشتى» دېگەن ئويلا بار ئىدى.

ئۆپچۆرىدىكى شاۋقۇن-سۈرەن ئاۋازلار جېنىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر زېرىكىشلىك كۆرۈنۈشلا ئايان ئىدى.

ئەمدى قانداق بولار؟ ئۇ تېخى ياش، ئالدىدا يەنە ئىككى ئاسراندى پەرزەنتى تۇرۇپتۇ. كەلگۈسىدە قانداق بولار؟ كۈنلەر يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋېرىدۇ، شۇ....

# ئەسلىي ئەسەر ئۇستىدە تەھلىل

«جېنىنى قىز» ئامېرىكا رېئالىزمىنىڭ پىرى د-رېيسېرنىڭ بىر ئەسىرى. بۇ روماندا نامرات قىز جېنىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە قۇربان بې-رىش روھىغا باي قىز. ئائىلىسىگە ياردەمدە بولۇش ئۇ-چۈن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، پالاتا ئەزاسى براند ۋە مىليونېر ئائىلىنىڭ بايۋەچچىسى رېستوننىڭ ئاشنىسى بولغان. نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغاچقا، بايلار جەمئىيىتى-نىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىغان. كېيىن رېستوننىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئۇ-نىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە ماقۇل بولغان، ئار ـ نو-مۇسقا چىداپ، غېرىبانە هايات كەچۈرگەن. جېنىنى كا-پىتالىزم جەمئىيىتىدىكى خورلانغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئايالنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭ پاجىئەسىنى جەم-ئىيەت پەيدا قىلغان. درېيسېر ئۆزىنىڭ يېتىلگەن تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر جەمئىيەتنىڭ يۈزەكى كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇ ئامېرىكى-دىكى تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەهۋالىنى ئەتراپ-لىق ۋە هەقىقىي تەسۋىرلەپ بېرىپ، مۇلۇكدارلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. جېنىنى

ئامېرىكىدىكى مىڭلىغان، مىليونلىغان تۆۋەن قاتلام نامرات كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ئوقۇرمەنلەردە ھەمىشە جېنىنىغا ھېسداشلىق پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئاشۇ جەمئىيەتكە بولغان نەپرەتنى قوزغىتىدۇ. روماندا رېئا- لىزملىق ئەسەر بولۇش مۇددىئاسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە، ھەتتا دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ ئەسەر درېيسېرنى سىناقلاردىن ئۆتكۈزگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

رومانىنىڭ ئاساسلىق سۈژىتى جېنىنىڭ ئىككى قېتىملىق ئېچىنىشلىق ئاياغلاشقان مۇھەببەت ھېكاي- سىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلغان. جېنىنى توغرىسىدىكى بۇ ھېكايە ئۇنىڭ ئون سەككىز يېشىدىن باشلانغان. جېنىنى بىر نامرات ئىشچىنىڭ قىزى. ئۇ سەككىز يېشىدىلا ئانىسى بىلەن بىللە ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇ پول سۈر- تۈش، باشقىلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىش قاتارلىق مالايلىق ئىشلىرىنى قىلغان. بۇ نامرات ئائىلىنىڭ قىزى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق- چۇ- چۇكلىرىنى تېتىپ كۆرگەن. لېكىن ئۇنى باشقا نامرات ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بەختلىك ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەكمۇ پاجىئەلىك دەپ كېتىشكە تىلىمىز قىسقا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ

پەخىرلەنگۈدەك كاپىتالى — گۈزەللىك ئۆزىگە ھەمراھ ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ تەبىئىي ئاق كۆڭۈل ئىدى، كۆكسى - قارنى كەڭ ئىدى، بۇلار ئۇنى بىر ئۆمۈر نۇر-غۇن ئازاب - ئوقۇبەتتىن ساقلاپ قالغان. ئۇ ياشىغان ئا-شۇ جەمئىيەتتە يەنە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، ئاق كۆڭۈل تەبىئىي خاراكتېرى ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ پاجىئەسى-نىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان، ئۇ سەۋەبلىك چىققان چا-تاقنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇلاردىن ئايرىپ قارىغىلى بول-مايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئەگەر ئۇنى تولىمۇ گۈزەل ياراتقان»

جېننى تولىمۇ قۇلىقى يۇمشاق قىز ئىدى، ئۇنىڭ ئەس - يادى ئۆي بىلەن ئىدى. ئائىلىسى ئۇچۇن بارىنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئىدى. ئىككى قېتىملىق مۇھەب-بەت سەرگۈزەشتىسىدە ئۇ تەشەببۇسكار بولۇپ كەتمىدى، بىراق، مۇھەببەت راۋاجىنىڭ سەۋەبى ئائىلىسىنىڭ نام-راتلىقى بولدى. براند ئەپەندى ئانىسىغا كىر يۇيغۇزغى-نىدا ئارقىلاپ پۇل ھەدىيە قىلدى، مىلاد بايرىمىدا ھەتتا كۆپلەپ سوۋغا بەردى، ۋەھالەنكى جېننى بىلەن براند ئەپەندىنىڭ باردى - كەلدىسى جەريانىدا، گەرچە، ئۇ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئوچۇقلۇقى، مېھرىبانلىقىغا بەند بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن، نەچچە قېتىملىق بۇنداق ئالاقە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يامان كۈنلەردىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن ئۇ ئىككى قېتىم براند سوۋغا

قىلغان ئالتۇن سائەتنى رەڭگە قويدى، بۇ ئۇنىڭ ئىلىمىگە شۇنچە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ رېستو بىلەن بولغان ئىشلىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولدى. ئائىلىسى ۋە قەلبىگە تەگكەن قوش زەربىدىن كېيىن، جىننى كلېۋېلاندقا پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقىلا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەردە رېستوگاندىن ئىبارەت ياش، ئىشقىۋاز كارخانىچىغا يولۇقتى، يولۇققىنىنىڭ كۆپ قىسمى ۋەھىمە بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ دەسلەپتە رېستوغا ئانچە بېرىلىپ كەتمىگەنىدى. بىراق، دادىسى يارىلانغاندىن كېيىن، ئەسلىدىنلا غورىگىل كېتىپ بارغان تۇرمۇشى تېخىمۇ يامانلاشتى. رېستونىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان مۇھەببەتنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ چىن دىلىدىن سۆيۈپ كەتمەيدىغانلىقى ئايان تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولدى. ئۇ «بۇنداق ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن ياردەمچى كۈچتىن پايدىلىنىشنى مەجبۇرىيەت» دەپ بىلدى. رېستو ئۇنى ئەمرىگە ئېلىش تەلىپىنى قويغاندا، بولۇپمۇ ئۇلارغا چىرايلىق ئۆيدىن بىرنى تېپىپ بېرىشنى ئېيتقاندا جىننىنىڭ «ئوي - خىيالى شۇئان ئانىسىغا — سۆيۈملۈك ئانىسىغا ئاغدى. ئانىسىنىڭ بىر ئۆمۈر ئارزۇلاپ يۈرگىنى دەل مۇشۇ نەرسە، چىرايلىق بىر يورۇق ئۆي ئىدى. ئەگەر ئۇلار چوڭراق ئۆيگە ئېرىشىپ، ئۇنى ئوب-

دانىراق جابدۇۋالغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۆچەت تىككىلى بولغۇدەك چوڭراق ھويلىسى بولغان بولسا، ئانىسى قانچىلىك يايراپ كەتكەن بولار ئىدى ـ ھە؟ مۇشۇنداق بىر ئۆي بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆي ئىجارىسىنىڭ غېمىنى يەپ يۈرمىگەن، ئەسكىرەپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئىشلىتىپ يۈرمىگەن، نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان بولاتتى. ئۇ جەزمەن خۇشال بولىدۇ.» جېيننى ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ مەشۇقى بولۇشقا ماقۇل بولدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ۋەقەدە ئۇ مۇھەببەتنىڭ شېرىن، رومانتىك تەرەپلىرىنى ئانچە قوغلىشىپ كەتمەي، بىر نامرات بالىنىڭ ئائىلىگە كۆيۈنۈشتەك تەبىئىي خاراكتېرىنى نامايان قىلدى، ئائىلىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى.

تەبىئىي ئاق كۆڭۈل جېيننىنىڭ مىجەز خاراكتېرىدىكى ئەڭ چاقناپ تۇرىدىغان تەرەپ — جۇلالىنىپ تۇرىدىغان جەلپكارلىق، ئۇ ئىككى يۈرەك پارىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ، بولۇپمۇ سۆيۈملۈكىدىن ئايرىلىپ قېلىپمۇ، ئىككى يېتىم بالىنى بېقىۋېلىپ، سۆيگۈسىنى باشقىلارغا ئاتا قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى ۋە ئىككى يوقسۇل شور پېشانە بالىغا بولغان تەبىئىي ھېسداشلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى. دەرۋەقە، جېيننىنىڭ خاراكتېرىدىمۇ تەرەققىي قىلمىش، ئۆزگىرىش جەريانلىرى مەۋجۇت. ئۇن سەككىز

ياشلىق جېنىنىغا پاك دىل مۇجەسسەملەشكەن، ئۇ تەبى-
ئەتتىكى ھەممە نەرسىنى ھەسەل ھەرىسى، چايكا، ئىت،
سايغاق ... لارنى ياخشى كۆرىدۇ، تۇغما ئۇمىدۋار، ئوچۇق
يورۇق، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى رام قىلىۋالىدۇ. بىراند
ئەپەندى ئۇنىڭدىكى ياشلىق باھار جىلۋىسىنى كۆرۈپ
يېتىپ، بۇرژۇئازىيە خوجايىنى تورۇقلۇقمۇ ئۇنىڭ ئىش-
لىرىغا ياردەم بېرىشكە تەييار بولىدۇ. بۇنداق ئۇمىدۋار،
ئاق كۆڭۈل خاراكتېردە بىر قېتىم زەربىگە ئۇچرىغاندىن
كېيىن ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوماق قى-
زى ۋىستانىڭ بولۇشى ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئانىلىق
مېھرىنى پەيدا قىلغان. جېنني كېيىنكى تۇرمۇشىدا
ئېغىر ـ بېسىقلىق، پىشىپ يېتىلگەنلىك ۋە ئۇلۇغ
كەڭ قورساقلىقنى تېخىمۇ ئىپادىلەيدۇ، ئۇ رېستونىڭ
كونا مەشۇقى لېتتى بىسقا قىلچىمۇ ھەسەت قىلمايدۇ،
ھەتتا ئۇلارنىڭ تولىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس
قىلىدۇ. دەرۋەقە، بۇ جېنىنىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزىنى
تۆۋەن چاغلاش ئامىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق، مۇ-
ھىمى ئېھتىمال ئۇنىڭ ھېچنېمىگە كۆز قىزارتمايدىغان
كەڭ قورساقلىقى بولسا كېرەك. ئۇ كەڭ قورساقلىق،
ئاق كۆڭۈللۈك ئىچىدە يوقسۇللارغا خاس قورقۇنچاق-
لىقنى ۋە ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش پىسخىكىسىنى ساقلاپ
قالغان.

ئاق كۆڭۈللۈك، گۈزەللىك، ياشلىق كېڭەش پالاتا

ئەزاسى ۋە سودا ساھەسىدىكى گىگانتىنى مەھلىيا قىلد-
ۋالىدۇ، ئۇلار ھەتتا ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىدىن كېچىدۇ.
كېيىنكىش پالاتا ئەزاسى براند ۋە سودا ساھەسىدىكى گىگانت
رېستوگان رومانىدىكى باشقا ـ باشقا ئىككى مۇھىم پېر-
سوناژ. ئۇلار ھەم جېيننى ئۆمرىدە سۆيگەن ئىككى ئەر.
ئۇلارنىڭ جېيننى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرگەن ياردىمى-
نىڭ مەردلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوق بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلارنىڭ جېيننىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۆپى ئىشقىي
ھەۋەستىن كەلگەن. ئەتراپتىكىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكلى-
رى، گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە ئائىلىسىنىڭ بېسىمى ئالدىدا
ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى شۇنچە كۆرۈنەرلىك سۇسلاشقان.
براند ئەپەندى سايلامدا مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ،
جېيننىدىن مېھرىنى ئۈزمىدى. بىراق، ئۇنىڭ كېسىلى-
نىڭ ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىشى بۇ قەدىناسلارچە مۇھەب-
بەتنىڭ ۋىسال تاپمايدىغانلىقىنى ئايان قىلدى. رېستوغا
كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇنى لىگىشىق ئاشىق دېيىشكە
ھەقلىق، غايەت زور سومىلىق مىراس، ئاخبارات ۋاسى-
تىلىرىنىڭ بېسىمى، كونا سۆيگۈنىنىڭ تەگلىكتە قو-
يۇشى بىلەن ئۇ شۇنچە نائىلاجلىقتا قالغان، خۇددى ئۇ-
نىڭ سەكراتتا تۇرۇپ: «جېيننى، مەن ئىككىمىزنىڭ
بۇنداق جۇدالىشىشىمىزدىن ئانچە رازى ئەمەسمەن. ئەمە-
لىيەتتە، بۇ خىل چارىمۇ ئەسلىي توغرا ئەمەسكەن. مەن
ئۆزۈمنى ئىلگىرىكىدەك كۆڭۈللۈك ھېس قىلمايمەن.

مېنىڭ سىزگە ناماقۇلچىلىق ھېسسىياتىدا بولمىغان ۋاقتىم يوق. يۈرىكىمنىڭ بۇنداق ئارامسىزلىنىشىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ھازىر بۇنچە پۇشايمانغا قېلىپ ئولتۇرماسكەنمەن» دېگىنىدەك قىيىن ئەھۋالدا قالغان. رېستوننىڭ بۇنداق ئۆتۈنۈشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ بولۇشى ھەقلىق ئىدى. مۇئەللىپ بۇنداق قوش تەرەپلىك مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى ئەپ-چىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا جەمئىيىتىدى-كى باراۋەرسىز رېئاللىقنى ئېچىپ تاشلىغان.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى براند ئۆزىدە ئوپپورتونىسلار-نىڭ دانىشمەنلىكى بىلەن ھەقىقىي خەلق ۋەكىلىنىڭ ھېسداشلىقىنى روشەن مۇجەسسەملەشتۈرگەن. رومان-دا بۇ تەرەپ نامايان قىلىنىپ، ئۇنى مۇكەممەل ھالدا مەرد، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ھېسداشلىققا توشۇق ھېسابلىد-غان. بۇ ئالاھىدىلىكلەرمۇ جېننىنىڭ مۇشۇنداق تەرەپ-لىرىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇ قېتىملىق مۇھەببەتتە جېننى تەشەببۇسكار ئەمەس ئىدى، مۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت تەمىنى سەزمىگەنىدى، ئۇ گەرچە براندقا قىزىققان بولسىمۇ، ئۇ ئاساسلىقى ئېسىل پەزد-لەتكە بولغان ھۆرمەت ۋە ئۇنىڭ مەردلىك بىلەن بەرگەن ياردىمىگە بولغان ھېسسىيات ئىدى. براندنىڭ ئوخشى-مىغان يېرى شۇكى، بۇ ئۇنىڭ سىياسىي كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بېسىمى ئاستىدىكى ھېسسىياتىنىڭ

بىر قېتىملىق پارتلىشى ئىدى. ئۇنىڭ جېنىنىغا بولغان مۇھەببىتىدە ھەم ئىشقىي ھەۋەس، ھەم ئاتىلارچە مېھىر ـ شەپقەت بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ھىمايە قىلاتتى، ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ياشىتىكى زور پەرق ئۇنى نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا دادىسىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ قويىدى.

سىلىشتۇرىدىغان بولساق، جېنىنىنىڭ ئىككىنچى مۇھەببىتى تېخىمۇ بەختلىك بولدى. ئۇنىڭ بىلەن رېستوگان ئۈچ يىل بىرگە ياشىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدى، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇ بۇ جەرياندا مۇھەببەتنىڭ شىرنە ـ شەربەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى. جېنىنىنىڭ ناتىۋان، گۈزەل جامالى نۇرغۇن قۇرۇق سۆلەت باپۇەچچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقتىن، رېستو ئەپەندىگە قارىتا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش يۈز بەردى. رېستو مەرتىۋىلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان، ياش، جاسارەتلىك، ئىشقىي ھەۋەسكە باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭ جېنىنىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشىدا ئىشقىي ـ ھەۋەس تۇرتكىلىك رول ئوينىدى. دەسلىپىدە ئۇ جېنىنىنىڭ جىسمىغا ئېرىشىشلا خىيالىدا بولغانىدى. ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئارىسىدا بىر كۈچلۈك مۇھەببەت پەيدا بولدى. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، رېستونىڭ مۇھەببىتى ئۆزىنى خۇش قىلىش

مۇددىئاسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسى ئۇرغۇپ، ئۆز تىجارىتىنى قىلىشقىمۇ قولى بارماي، جىنىدىن ھوزۇرلىنىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىر- قىراپ يۈردى. ئۇ باشتىن-ئاخىر جىننى بىلەن توي قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شادلىق تېپىش كويىدىلا بولدى. ھالبۇكى، بۇنداق ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى سىگلىسى لۇئىزا سېزىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئا- جىزلىقى ئاشكارىلاندى. ئائىلىنىڭ قاتتىق بېسىمى، مىراس ھەققىدىكى تەھدىت، كونا مەشۇقى لېتتى بىس (گرالد خانىم) نىڭ ئېزىقتۇرۇشى ۋە ئارىنى بۇزۇشى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ رەھىمسىز ھۇجۇمى ئارقىسىدا ئۇ تامامەن ئېغىپ كەتتى. گەرچە ئۇ جىنىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قىلغان گۇناھى- نىڭ تولۇقلىمىسى، خالاس. كېيىن ئۇ قانچە پۇشايمان قىلغان بولمىسۇن، بۇ مۇھەببەتنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپ قالغانىدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق مۇھەببەت ھاياتىدا جىنىدىن ئىبارەت بۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل قىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدۇر. مۇنداقلا قارىغاندا، بۇ ئىككى قېتىملىق مۇھەببەتتە سۆيگۈ تەركىبلىرى باردەك كۆرۈنىدۇ. بىراق كېسىپ ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى يۇقىرى قاتلام شەخسنىڭ ئاق كۆڭۈل قىزنى ئالداپ كېتىش تراگېدى- يىسىدىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇ جىنىنىڭ تەقدىر پاجىئەسى بولۇپ قالغان. مۇئەللىپ بۇ ئارقىلىق بۇر-

ژۇئازىيىنىڭ نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان.

«جېنىنى قىز» رومانىدىكى پېرسوناژلار بەك مۇرەككەپ ئەمەس، ئۇلارنى ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: تۆۋەن قاتلام نامراتلار، سودا ساھەسىدىكى ئەربابلار ۋە سىياسىي ساھەدىكى مەشھۇر كىشىلەر. جېنىنى قىز، رېستو ۋە براند دەل بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ تىپىك ۋەكىلى. مۇئەللىپ بۇ ئۈچ تىپىك ئوبرازنى يارىتىش ئارقىلىق بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ يىغىنچاقلىغان. ئۇنىڭدا پۇل ۋە ھوقۇق ھەممە دېمەكتۇر. نامراتلارنىڭ ھېچقانداق چىقىش يولى يوق. دەرۋەقە، بىز درېيسېرنىڭ قەلىمىدىكى پېرسوناژلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەنلىكىنى، ئۈچ تىپىك پېرسوناژنىڭ ھەممىسىدە كۆپ ئۆچراتقىلى بولمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى توقۇلمىلارنىڭ بارلىقىنى ئوچۇقلا ھېس قىلىمىز. بۇلار ئەمەلىيەتتە مۇئەللىپنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئۈستىدىكى خىيالىدىن ئىبارەت. بۇنداق يۆنىلىش چەكلىمىگە ئىگە.

بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسى ھېسداشلىققا باي ھەربىر ئوقۇرمەننى زىلزىلىگە سالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى قالغان ئۆمرىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان زېرىكىشلىك كۆرۈنۈشكە قادىلىپلا قالغانىدى. ئەمدى قانداق بولار؟ ئۇ تېخى ياش. ئالدىدا يەنە ئىككى ئاسراندى پەرزەنتى تۇرۇپتۇ. كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭمۇ تويى قىلىپ، ئۇنى

تاشلاپ كېتىدىغان بىر كۈنى كېلىدۇ. ئۇ چاغدا يەنە قانداق بولاركىن؟ كۈنلەر يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋېرىدۇ، شۇڭا، ئۇنداقتا؟... بۇ سوئال ئوقۇرمەنلەردىن سورالغان، ئىجتىمائىي جىنايەتلەر ئۈستىدىن دەرد تۆك-كەن. «جېننى قىز» رومانىنى تۇرمۇش تراگېدىيىسى دېگەندىن كۆرە، تۇرمۇش پاجىئەسى دېگەن تۈزۈك. مۇ-ھەببەتنىڭ مۇنداق خۇنۇك تۈگەللىنىشى جەمئىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك بىلەن باغلىنىشلىق. روماندا ئۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىكى باي ـ نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى يەنە بىر قېتىم پاش قىلغان. بۇنىڭ ئىچىگە مۇئەللىپ-نىڭ ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى نامرات تۇرمۇش ئۆت-كۈزگەن كەچۈرمىشلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن، لېكىن ئۇ جەمئىيەتتىكى توقۇنۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئېچىپ بەر-مىگەن.

درېيسېرنىڭ خاتىمىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۇ-نىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىدا. درېيسېر كىشىلەرگە ھە-قىقىي ئامېرىكا جەمئىيىتىنى ئېچىپ بېرىش، ئۇنىڭ قاراڭغۇ ۋە تەڭسىز تەرەپلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن قامچىلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. درېيسېر «تەدرىجىي تەرەق-قىيات نەزەرىيىسى» ۋە ماركسىزملىق ئىدىيىنىڭ تە-سىرىگە ئۇچرىغان، ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۆزەت-كەندە ئىنتايىن ئېغىر ـ بېسىق، كەسكىن ئىدى. ئۇ خاتىمىدە ھەم جېنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يۆلەنچۈك-سىز قالغان ۋە ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالىتىنى ئىپادىلەپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن رېئال جەمئىيەت

ئۈستىدىن كۈچلۈك شىكايەت قىلغان. لېكىن، درېيسېر كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ياشىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ماركسىزملىق ئىدىيىسىدە روشەن چەكلىمىلىك بار ئىدى. درېيسېرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دۇنيا قارىشىدا بىر قاتار زىددىيەتلەر بار ئىدى: ئۇ، ئادەم تەدرىجىي تەرەققىي قىلالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ بەختسىزلىكلىرىگە ھېسداشلىق قىلاتتى ھەم ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلالمايدۇ، دەپ قارايتتى، ئۇ بۇرژۇئازىيىگە ئۆچلۈك قىلاتتى، بەزىدە ئۇلارغا ھەۋەس قىلاتتى، ئۆزىنىڭ بىر پۇل مۇئامىلە ماگنىتى بولۇشىنى خام خىيال قىلاتتى. ئۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى باي ـ كەمبەغەللىك ئارىسىدىكى ھاڭغا ئۆچمەنلىك قىلالايتتىيۇ، «باي ـ كەمبەغەللىك ئارىسىدىكى ھاڭ دۇنيانىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق» دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيەتلىرىدە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلار بار ئىدى، ئۇلاردا رېئالىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى غايەت زور ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا يەنە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىئولوگىيىدىكى ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش قانۇنىيىتى بىلەن چۈشەندۈرۈشتەك خاتا ئىدىيە ۋە ناتۇرالىزملىق تەركىبلەر بار ئىدى. ئۇ ئەمگەكچى خەلققە سەمىمىيلىك بىلەن ھېسداشلىق قىلىپ، بۇرژۇئازىيىگە ئۆچمەنلىكىنى بىلدۈرەتتى، لېكىن خەلقنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ يېتەلمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ

ئەسەرلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى چىقىپ تۇرىدۇ.

بىر تەنقىدچى مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «درېيسېرنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىنى قىلغان تەنقىدىدە بىر تەرەپلىمىلىك بار، «ئۇ بىر تەرەپتىن، پراگماتىزمنىڭ زوراۋرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پراگماتىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى سىلىقلاش مېيى ۋە ناركوز دورىسى تېپىدىكى ئەپسانە، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ تۇپ سەۋەبى شۇكى، ئۇ، «جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئاشۇ جەمئىيەت ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغان، شۇڭا ئۇ رېئاللىقنى تەنقىد قىلىشقا ئامالسىز ئىدى، ئۇ پەقەت ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ئېغىزدىكى ئېتىقاد، ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چېنىپ قالغان زىددىيەتلىك نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى. كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئوبزورلىرى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ئىبارەت».

بىز شۇنداق چۈشەنسەك بولىدۇكى، درېيسېرنىڭ بۇنداق خاتىمىسىمۇ ئۇنىڭ رېئاللىققا بولغان نائىلاجلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئۆزى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغانىدى. ئۇ بىر يازغۇچى ئىدى، جەمئىيەتشۇناس ياكى مۇتەپەككۇر ئەمەس ئىدى. يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش ئاساسىي مەسىلە، ئەمما بۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ئۇلار بىلمەيدۇ، ئۇ جىننى

ئارقىلىق پەقەت ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپە-سىنىلا ئىپادە قىلىپ بەرگەن، شۇڭا، جېنىنىڭ كۆڭ-لىدىكى مونولوگلىرى درېيسېر ئىدىيىسىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر.

درېيسېرنىڭ خاتىمىسى «جېننى قىز» رومانىدىكى ئوقۇرمەنلەرنى ئەڭ ھاياجانغا سالىدىغان جاي. بۇ زور سوئالنى ئوقۇرمەنلەرمۇ ئۆزىدىن سورايدۇ ھەم جەمئىيەت-تىن سورايدۇ. ئۇ كىشىلەرگە كەڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى ئاتا قىلغان.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

20 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تۇر-لۇك ئىدىيە ۋە ئېقىملار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. يەنىلا نۇرغۇن يازغۇچىلار رېئالىزم يولىدا چىڭ تۇردى. درېيسېر شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. كېلىپ چىقىشى نامرات بولغان بۇ يازغۇچىنىڭ كىچىكىدىنلا رەھىمسىز رېئال-لىق ئۈستىدە چوڭقۇر كەچۈرمىشلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزاق شۇغۇللانغان مۇخبىرلىق خىزمىتىمۇ ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ رېئاللىقىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بەردى ھەمدە ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىداتىنى تاۋلىدى. ئۇ مارك تىۋېن قاتارلىق رېئالىزم يازغۇچىلىرىنىڭ

مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بولۇپمۇ بال-
زاكنىڭ بەدىئىي تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئامېرىكى-
نىڭ رېئاللىقىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنى دادىللىق بىلەن
پاش قىلدى.

90 - يىللاردىكى ئامېرىكا «باي - كەمبەغەللىك ئوت-
تۇرىسىدىكى ھالى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان دۆلەتلەرنىڭ
بىرى ئىدى». درېيسېر ئامېرىكا رېئاللىقىدىكى «شەپ-
قەتسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك»، «خىيالىي بەخت تۇي-
غۇسى» نى كۆرۈپ يەتتى. «ھەقىقەت قانداق بولسا
شۇنداق تەشۋىق قىلىش» تۇرمۇشتىكى چىنلىقنى
ھەقىقىي ئەكس ئەتتۇرۇش — يازغۇچىنىڭ مەسئۇلى-
يىتى» دەپ ھېسابلىدى، شۇڭا، باي - كەمبەغەللىك ئا-
رىسىدىكى ناھەقچىلىكنى پاش قىلدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن
ئەسەرلىرىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرى خام ماتېرىيال قى-
لىنغان. «جىننى قىز» رومانىدىكى بالىلارنىڭ كۆمۈر
تېرىشى، جىنىنىڭ ئاكىسىنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن ئىپپىتىنى بەدەل قىلىشلىرىدا يازغۇچىنىڭ
ئاچىسى ۋە ئاكىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرى پروتوتىپ قى-
لىنغان. ئۇنىڭ بىر ھەدىسى ھەتتا پاھىشە بولۇشقا
مەجبۇر بولغان. درېيسېر دەۋر خاسلىقىغا ئىگە ئىلغار
يازغۇچى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىنىڭ ماتېرىيالى
رېئال تۇرمۇشتىن كەلگەن، ئۇنىڭ تېمىلىرى كۆپ

خىل، ئۇلاردا ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت ئا-ساسىي تېما ئىزچىللاشتۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلى-رى بار. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدا كەڭ جەمئىيەت كارتىنى-لىرى تەسۋىرلەنگەن، دوللار ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ تىپىك مۇھىتتا نۇرغۇن تىپىك ئوبرازلار يارىتىلغان.

درېيسېر ئامېرىكا يازغۇچىلىرى ئىچىدە بىرقەدەر بۇرۇن فروئىد تەلىماتلىرىدىكى پايدىلىق نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ تىپ ياراتقان يازغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ غۇۋا سوتسىيالىزمچى، ئېنىق دېموكراتىزمچى ۋە ئىنسانپەر-ۋەر سۈپىتىدە فروئىد تەلىماتلىرى بىلەن ئۇنىڭ رېئا-لىزمچى «ئىجتىمائىي شارائىت تەلىماتلىرى» نى ئور-گانىك بىرلەشتۈرگەن. ئۇ ئىجتىمائىي روھىي ھالەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىۋاتقان تاشقى قىياپىتى ئاستىدىكى ئىشسىزلىق، نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىقلارنى پاش قىلىپ، ئامېرىكىدىن ئىبارەت بايلىق بىلەن نامراتلىق قارىمۇقارشى بولغان جەمئىيەتنى چوڭقۇر تەسۋىرلەپ بەرگەن. ۋەھالەنكى، ئۇلاردا پېرسوناژلارنىڭ ئوي ـ پىكرى بىلەن پسىخىك تەسۋىرى تەتبىقلانغان. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئوخشىمىغان مەنزىرە ـ كۆرۈنۈشتە

سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەشكە، روھىي ھالىتىنى چوڭقۇر، تەپسىلىي ئانالىز قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ پېرسوناژلارنى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن چەمبەرچاس باغلىغۇچىتەتتى ھەمدە ھايۋانىيلىق ۋە شەھۋانىي نەپس پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويمايتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رېئالىزملىق مەزمۇنلارغا تويۇنغانىدى ۋە غايەت زور بەدىئىي تەسىرلەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

درېيسېرنىڭ ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئىنتايىن جاھىل «نازۇك ئەنئەنە» لەرنى بۆسۈپ تاشلاپ، رېئالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. لۇئىس 1930 ـ يىلى ئېيتقانىدەك: «قايسىبىر ئامېرىكا يازغۇچىسىغا سېلىشتۇرۇلمىسۇن، درېيسېر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جەسۇر كىشى. ئۇ، ئامېرىكىدىكى رومان ساھەسىدە ۋىكتورىيە دەۋرى تىپىدىكى، خاۋېلىس تىپىدىكى قورقۇنچاق ۋە نازۇك ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ۋىجدانلىق. چوڭ يۈرەكلىك بىلەن تۇرمۇشنىڭ قايناق ماكانىغا ئۆتۈشنىڭ يولىنى ئاچتى. مۇشۇنداق بىر بوز يەر ئاچقۇچىنىڭ كارامىتى بولمىغىنىدا، ئۇنىڭ تۇرمۇش، گۈزەللىك بىلەن زوراۋانلىقنى تەسۋىرلىيەلىگىنىگە ئىشەنمىگەن بولاتتۇق.» ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن ئوبزورچىلار درېيسېرنى ناتۇرالىزمنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلاپ،

ئۇنى خاۋپلىسىنىڭ رېئاللىزمىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدەك، ئۇ «زولانىڭ
بىر قۇر خېتىنىمۇ كۆرمىگەن» ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلى-
رىدە ئومۇمەن ناتۇرالىزمنىڭ ئاشۇ كېسەللىك ھالىتى
ۋە ئىشقىۋاز بايانىدىن ئەسەر يوق.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

**جېنني:** روماندىكى باش قەھرىمان، گۈزەل، ئاق كۆڭۈل، ساددا، مېھرىبان قىز. ئۇ تېپىك نامرات ئائى-لىدە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكىدىلا ئېغىر ئائىلە يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان. تۇغۇلۇشىدىن ئوماق بولغاچقا، پۇل-دار، ھوقۇقدار ئەرلەرنىڭ مەيلىنى تارتقان. ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇ شۇنداقلارنىڭ گۈل مەشۇقى بولۇپ قالغان. بىراق ئۇنىڭ ئىككىلا قېتىملىق مۇھەببىتى ۋىسالىغا يەتمىگەن. ئۇنۇرغۇن جاپالىق ۋە ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپمۇ، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئاق كۆڭۈل، ئەم-گەكچان خاراكتېرىنى زادىلا ئۆزگەرتمىگەن.

**براند:** كېڭەش پالاتا ئەزاسى، سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم ئەرباب، جېنىنىڭ تۇنجى ئاشىقى، سالاپەتلىك، تاكامۇل ئەر، ئۆمرى ئۇزاق يىل ئەمەلدارلار سورۇنىدا ئۆتكەن مەشھۇر جامائەت ئەربابى.

رېستوگان: چوڭ سودىگەر، جېننىنىڭ ئىككىنچى ئاشىقى، چېۋەر، ئىقتىدارلىق، يول تاپقان سودىگەر ھەم ئىشقىۋاز بايۋەچچە، مىجەزى چۇس بولسىمۇ، كۆڭلى قارا ئەمەس يىگىت.

ۋىليام گېرخاردىت: جېننىنىڭ دادىسى، نامرات، دۇرۇس، ئىرادىلىك پېشقەدەم ئىشچى. ئۇنىڭ ئۆمرى مۇشەققەتتە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك پرىنسىپىدىن ۋاز كەچمىگەن، تولىمۇ غۇرۇرلۇق ۋە ئەخلاق تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشى.

ۋىستا: جېننىنىڭ قىزى، براندىنىڭ قورساقتا قالغان بالىسى، ئوماق، ئەقىللىق قىز، كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

گېرخاردىتنىڭ ئايالى: جېننىنىڭ ئانىسى، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، تۆۋەن قاتلامدىكى مېھنەتكەش مەزلۇم، ئۆمرى جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكەن، كېسەللىك ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى خېلى تارتقان ئايال.

لېتتى بىس: گرالد خانىم، باي، قاملاشقان، مىجەز ـ خۇلقى ئۆزگىچە، يۇقىرى قاتلامنىڭ مەككار قىزى، رېستونىڭ بۇرۇنقى سۆيگۈنى، كېيىن رېستو بىلەن توي قىلغان.

لۇئىزا: رېستونىڭ سىڭلىسى، زەردار ئائىلىنىڭ ئۆز بېشىمچى قىزى.

روبېرت: رېستوننىڭ ئاكىسى، گان ئائىلىسىنىڭ چوڭ ئوغلى، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، قانۇنىي ئىگىلىككە ۋە ئائىلە مال ـ مۈلكىنىڭ باشقۇرغۇچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

درېيسېر ئامېرىكىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم رومان يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «ئامېرىكا گوركىيسى» دېگەن شەرەپلىك نامى بار. درېيسېر گوركىيغا ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن كېلىپ چىققان، «جەمئىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى»دىن كەڭ بىلىمگە ئېرىشكەن، ئۇ جەسۇرلۇق بىلەن يول ئاچقان، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئامېرىكا رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ زەربىدارى بولۇپ قالغانىدى.

«جېننى قىز» دېگەن بۇ كىتابنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى كونىچە بولۇپ، تىپىك درېيسېر ئۇسلۇبىغا ئىگە، ئۇ چۈشىنىشلىك ھەم چوڭقۇر مەزمۇنغا، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ۋە ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە. پۈتۈن كىتابقا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا دەبدەبىلىك ئىبارىلەر يوق، گراماتىكىلىق شەكىل كۆپ خىل، دائىم قوللىنىلىدىغان ئاددىي سۆزلەر بىلەن جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلگەن. درېيسېر

«تىلى قوپال ئۇلۇغ يازغۇچى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىلىشىدە، ئۇنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ كەمتۈك-لىكى، يازغاندا «مۇخبىرلىق ئادىتى»، «ئوچېرك يازغۇ-چىلىق ئادىتى» دىن قۇتۇلالمىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئاخبارات تىلى بىلەن ئەدەبىي تىلنى سېلىشتۇرغاندا، هامان ئۇنىڭدا ئېلاستىكلىق ۋە نەپىسلىكنىڭ كەمرەك بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

«جېنىي قىز» رومانى ئەدەبىي ئەسەر بولغاندىن كۆرە، ئاخبارات خەۋىرىگە بەكرەك ئوخشايدۇ. درېيسېرنى ئەدەبىيات تارىخىدا ئادەمنى ئەڭ ئاز تەقلىد قىلغان ياز-غۇچى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئىشلەتكەن تىل چېچىلاڭغۇ، گراماتىكىسى مالىماتاڭ، سۆز مەنىسى خۇنۇك، بەزىدە ئىشلىتىپ قويۇلغان ياسىداق سۆزلەرمۇ غىل-پال ئۆتۈپ كېتىدۇ. درېيسېر رومانىنى كونا ئۇسلۇبتا ياز-غان، ئۇ بالزاكنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئەندىزىسى-نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، رومانىنىڭ قۇرۇلمى-سى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە تېخنىكىلىق شەكىل جە-ھەتلەردە 19 ـ ئەسىردىكى رېئالىزملىق ئەدەبىياتتىكى يېزىش ئۇسلۇبى بىرقەدەر قوپال بولۇش ئەندىزىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان.

درېيسېرنىڭ ھەقىقەتەن «تىلى قوپال»، ئۇنىڭ ئىپادىلەش شەكلى تومتاق، لېكىن ئىدىيە جەھەتتە، درېيسېر بۆسۈشكە جۈرئەت قىلالايتتى، چەكلەنگەن

رايونغا باتۇرلۇق بىلەن كىرەلەيتتى. ئامېرىكىدىكى مو-دېرنىزم ئېقىمى يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭدەك تەرمە تېمىلارغا، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە تېمى-لارغا دىققەت قىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئۇنىڭ مۇخبىرلىق ئادىتى كەمچىلىك بولغاندەك تۇرغىنى بى-لەن، ئۇنىڭ بۇ جەھەتلىرى ئارتۇقچىلىقى ئىدى. كاجىن مۇنداق كۆرسەتكەندى: «ئۇنىڭ قانچىلىغان ئەيىبلىرى بولۇپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئۇلۇغ تېئودور. درېيسېرنىڭ ھەممە نەرسىسى يېتەرسىز بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭدا تالانت يېتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭدىكى غالىبلىقنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، بىزنى ئۆزىدەكلا ئامېرىكىنى قوبۇل قىلـ-دۇردى، ئۇ ھەم ئۆزىنى چەتكە ئالغىلى بولمايدىغان، ھەم چۆرۈۋېتكىلى بولمايدىغان دۇنياغا مەپتۇن بولدى، ھەقىـ-قەتكە بويسۇندى، تەۋرەنمەستىن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ئىنتىلدى.»

بىرسى درېيسېرغا مۇنداق يۇكسەك باھا بەرگەندى: «مۇشۇ ئەسىر باشلانغاندىن بېرى، درېيسېردەك كېيىنـ-كىلەرگە بۇنداق چوڭ ئەخلاقىي تەسىر كۆرسەتكەن ئا-مېرىكا يازغۇچىسى بولۇپ باقمىدى، ئاشۇ رومان ياز-غۇچىسىدەك ئامېرىكىنى ئەدەبىيات جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشتۇرگىنىمۇ چىقىپ باقمىدى.» ئۇنىڭ ئىجادىيەت-لىرى بۇرژۇئازىيە دۇنياسىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىنى تەۋرى-تىپ قويۇشقا باشلىدى، ئەسىر ئېلان قىلىنغاندىن

كېيىنلا دەرھال ئەيىبلەندى، تەقىب قىلىندى.

درېيسېرنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر مەردانە پۇراق بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تېمىسى يوق. «جېنني قىز» رومانىدىكى ئاساسىي پېرسوناژنىڭ پاجىئەسىدىن ئاشۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ نائىلاجلىقى ۋە قورقۇشىنىڭ ما-نامەن دەپ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ، درېيسېرنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى.

درېيسېرنىڭ ئەسەرلىرىدە كۈچىيىپ بارغان تراگە-دىيە ئېڭى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇ رېئال جەمئىيەتنى تەنقىد قىلغانۇ، بىر ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپالمىغان، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەسەبىيلەرچە ئېلىشىشتا، ئەڭ قۇدرەتلىك، ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان، ئەڭ بىشەم ئادەمنىڭ غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ بۇلار-نىڭ ھەننىۋاسىنى جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىگە يىغىنچاقلاپلا تۈگىتىدۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY0OTkuemlw",
  "filename_decoded": "40326499.zip",
  "filesize": 12796138,
  "md5": "33678eb1e82cbdb5796ca0f215286e92",
  "header_md5": "f94eea1a3c5fb3e874ade06a428139af",
  "sha1": "0e6cf38f713bd9e0d43c7f9010c375131bd7225e",
  "sha256": "0a3d002a14080b90f3e22536448ea84c58ed58c9e22e3079ade36236af68b353",
  "crc32": 1315200260,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 13197365,
  "pdg_dir_name": "\u2552\u03a3\u2500\u258c\u2563\u251c\u2500\u2229
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326499",
  "pdg_main_pages_found": 208,
  "pdg_main_pages_max": 208,
  "total_pages": 217,
  "total_pixels": 616745216,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}